ئابدۇكېرىم راخمان

# ئەدەبىياتقا دائىر مۇلاھىزىلەر

ئابدۇكېرىم راخمان

# ئەدەبىياتقا دائىر مۇلاھىزىلەر

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇللا ئابلىز

مىللەتلەر نەشرىياتى

## نەشرىياتتىن

قولىڭىزدىكى بۇ توپلامغا شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى يولداش ئابدۇكېرىم راخماننىڭ 1979-يىلىدىن بېرى يازغان بىر قىسىم ئەدەبىي ئوبزورلىرى كىرگۈزۈلدى.

يولداش ئابدۇكېرىم راخمان 1941-يىلى قەشقەر شەھەر قوغان گۈڭشېسىنىڭ بۇچى يېزىسىدا دىخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1949—1953-يىللىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1959-يىلىغىچە ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1964-يىلىغىچە شىنجاڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭ داشۆدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېپقالغان، ھازىرغىچە شىنجاڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

يولداش ئابدۇكېرىم راخماننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1957-يىلىدىن باشلانغان، 1962-يىلىدىن باشلاپ ئاساسەن ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئاپتور ھازىر جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ

ئەزاسى، جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تەتقىقات جەمىيىتى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

بۇ كىتاپنى نەشرگە تەييارلاشقا يولداش مۇھەممەت پولات يېقىندىن ياردەملەشتى، ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

## مۇندەرىجە


ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى — تىل ........ 1

ئابدۇرەھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ «رابىئە — سەئىدىن» داستانى توغرىسىدا ........ 8

چىنلىق — ئەدەبىياتنىڭ جېنى ........ 28

ئەدەبىي چىنلىق توغرىسىدا ........ 38

مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ ئۆلمەس پىرامىدىسى ........ 46

ئوغۇزخان ۋە «ئوغۇزنامە» ئېپوسى توغرىسىدا يېڭى مۇلاھىزىلەر ........ 66

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پوئېزىيىسىدە داستانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ ئورنى ۋە تەرەققىيات يولى ........ 87

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى ........ 114

ئەدەبىي مىراسلىرىمىزغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىم ........ 149

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى شېئىر — قوشاقلارنىڭ پەلسەپىۋى قىممىتى ........ 172

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە ئۇنىڭ پوئېتىك قۇرۇلۇشى ........ 192

# ئەدەبىياتنىڭ بىرىنچى ئامىلى — تىل

ئەدەبىيات — تىل سەنئىتى، تىل — ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئاساسىي ۋاستىسى.

ئەدەبىي تىل ئادەتتە ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. بىرى، كەڭ مەنىدىكى ئەدەبىي تىل. كەڭ مەنىدىكى ئەدەبىي تىل دېگىنىمىز ھەرقايسى خەلقلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ قېلىپلاشقان ئورتاق تىلى، يەنى گېزىت-ژۇرنال، رادىيولاردا قوللىنىلىدىغان بىرلىككە كەلگەن تىل؛ يەنە بىرى، تار مەنىدىكى ئەدەبىي تىل، يازغۇچى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قايتا پىششىقلاپ ئىشلىگەن، ئەدەبىياتتا بەدىئىي ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بەدىئىي ئەسەر تىلى.

ئەدەبىي تىل بەدىئىي ئەسەر تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي تەلەپتىن قارىغاندا، بەدىئىي ئەسەر تىلىغا بولغان تەلەپ ئەدەبىي تىلغا بولغان تەلەپتىن تېخىمۇ يۇقۇرى بولىدۇ. بەدىئىي ئەسەر تىلى ئۆزىدە بولۇشقا تېگىشلىك تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىدۇ ۋە ئۈستۈن تۇرىدۇ.

بىرىنچىدىن، بەدىئىي ئەسەر تىلى ئوبرازلىق بولۇشى كېرەك. بەدىئىي ئوبرازلار پەقەت تىل ياردىمى بىلەنلا بارلىققا كېلىدۇ،

شۇنىڭ ئۈچۈن، بەدىئىي ئەسەردە پەقەت ئوبرازلىق تىل قوللىنىلغاندىلا، ئاندىن پېرسوناژلار ئوبرازىنى جانلىق سىزغىلى، ئابستراكىت ئۇقۇملارنى كونكرېتلاشتۇرغىلى، ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرلەندۇرگىلى ۋە ئۇلاردا ئىستېتىك تۇيغۇ ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

چىرايىڭغا ياغ قۇيۇپ ياغلىغاندەك،
قاش-كۆزۈڭنى پەيغەمبەر سىلىغاندەك،
بۇ ئالەمدە شۇنداق سۈزۈك تۇغۇلدۇڭ،
بەدىنىڭنى زەر ئالتۇندا سىرلىغاندەك.

(لوپنۇر خەلق قوشىقى)

يازغۇچىلار ئۆز ئەسىرىدە ئىپادىلىمەكچى بولغان شەيئىلەرنى ئاشۇنداق ئوبرازلىق تىل ئارقىلىق كونكرېت، ھېسسى، تەسىرلىك ۋە جانلىق قىلىپ تەسۋىرلەپ، كىتابخانلارنى ئۆزى ياراتقان بەدىئىي مۇھىت ئىچىگە يېتىلەپ كىرىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا مۇئەييەن ئىدىيە ھاسىل قىلىدۇ؛ تىلنىڭ ئوبرازلىقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئوخشىتىش، سىمۋول، مۇبالىغە، تەقلىت، سىلىشتۇرۇش، مېتافورا (كىنايە) قاتارلىق ھەر خىل ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ئەدەبىياتتا ماجازلاشتۇرۇش دەپمۇ ئاتايدۇ. ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ ئوبرازچانلىقى ئەدەبىياتنى باشقا ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە فورمىلىرىدىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان روشەن بەلگىدۇر. بەدىئىي ئەسەر تىلى قانچە ئوبرازلىق بولسا، ئەدەبىياتنىڭ

ئىستېتىك كۈچى شۇنچە ئاشىدۇ.

ئىككىنچىدىن، بەدىئىي ئەسەر تىلى ئېنىقلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك. تىلنىڭ ئېنىقلىقى ئۇنىڭ دەللىكى، توغرىلىقى بىلەن ئىخچاملىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تەسۋىرلىنىۋاتقان شەيئىلەرنى دەل، توغرا، روشەن ئىپادىلەپ بېرىش، شۇنداقلا ئىخچام تىل بىلەن مول مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈش دېمەكتۇر.

تىلنى ئېنىق قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك. (1) شەيئىلەر توغرىسىدا توغرا تونۇش بولۇشى كېرەك. بۇ تىلنى توغرا قوللىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بىزنىڭ گېزىت-ژورناللىرىمىزدا تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبيېكتىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە زىت بولغان تەسۋىرى بايانلار ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بەدىئىي ئەسەر تىلىنىڭ ئىستىلىستىك قۇرۇلۇشىدىكى مۇنداق مۇجمەللىك، تەبىئىكى، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشىغا شۇ ئاپتورنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل بايلىقىنى پۇختا بىلمىگەنلىكىدىن تاشقىرى، مۇھىمى تەسۋىرلىنىۋاتقان شەيئىلەر توغرىسىدا توغرا تونۇشقا ئىگە بولمىغانلىقى سەۋەب بولىدۇ. (2) ئىدىيە ئوچۇق بولۇشى كېرەك. تىل — ئىدىيىنىڭ تاشقى تونى، تىلنى تاۋلاش ئىدىيىنى تاۋلاشتۇر. تىل مۇجمەل بولسا، ئەسەرنىڭ ئىدىيىسىمۇ تەبىئىي ھالدا مۇجمەل بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق رىيالىست يازغۇچىسى مۇپاسسان: "بىز نەرسىلەرنى ئىپادىلىمەكچى بولساق،

ئۇنى پەقەت بىردىن ـ بىر مۇناسىپ سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ھەركىتىنى پەقەت ئۆز پېئىلى بىلەن چۈشەندۈرۈش، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى بىلەن چەكلەش لازىم. بىز بۇ ئىسىم، پېئىل، ئېنىقلىغۇچى سۆزلەرنى تاپقانغا قەدەر ئىزدىشىمىز كېرەك. مەنىسى يېقىن سۆزلەرنى ئۇچرىتىپلا قانائەت ھاسىل قىلىشقا بولمايدۇ، بۇ ئىشنىڭ قىيىنلىغىدىن قايمۇقۇپ قالماسلىق كېرەك" دېگەن ئىدى. (3) تىلنىڭ لۇغەت بايلىغىنى تولۇق ئىگەللەش ۋە ئۇنىڭدىن كېرەكلىك سۆز جەۋھەرلىرىنى تاللاشقا ماھىر بولۇش كېرەك. ماياكوۋسكى: "بىر گىرام رادىي قېزىش ئۈچۈن بىر يىل ئەمگەك قىلىشقا توغرا كەلسە، شېئىر يېزىشتا بىر سۆز ئۈچۈن سۆز كانلىرىدىن مىڭ توننىلاپ رادىي قېزىشقا توغرا كېلىدۇ" دېگەن ئىدى. بۇ يازغۇچىلاردىن ئۆز ئانا تىلىنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى قېتىقىنىپ ئىگەللەپ، ئۇنىڭدىن ئىپادىلەش كۈچى مول بولغان سۆزلەرنى تاللاپ، تىلنىڭ گىراماتىكىلىق ۋە سىنتاكسىسلىق قۇرۇلۇشىغا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. لۇشۈننىڭ "ئەسەرنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، كەم دېگەندە ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقىش كېرەك، بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان سۆز، جۈملە، ئابزاسلارنى ھېچبىر تارتىنماستىن چىقىرىپ تاشلاش كېرەك" دېگىنىمۇ دەل مۇشۇ مەنىدە ئېيتىلغان.

ئادەتتە يازغۇچى بولغان كىشى ئۆزى چۈشەنمىگەن سۆز ـ

ئىبارىلەرنى مەجبۇرى ھالدا ئەسەرگە سىغداپ كىرگۈزمەسلىكى كېرەك. ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن ئۆز ئانا تىلىنىڭ پىشقان تىلشۇناسلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتتىكى ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ تىل ئىشلىتىشتىكى ماھىرلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، بىزنىڭ بەزى مەسئۇلىيەتسىز ئاپتورلىرىمىز ئۆز ئانا تىلىنىڭ لۇغەت بايلىقىنى ئىگەللەشكە ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ھە دېسىلا چۈشىنىكسىز دەبدەبىلىك ئىبارىلەر ياكى ئانا تىلغا يات بولغان ئاتالغۇلار بىلەن ئۆز ئەسەرىنى "بىزىمەكچى" بولىدۇ. بۇنداق خاھىش بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي قىممەتىنى تۆۋەنلىتىدۇ، ئىدىيىۋى مۇجمەللىك پەيدا قىلىدۇ. ئەدەبىياتنى خەلقتىن ئايرىپ قويىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بەدىئىي ئەسەر تىلى مۇزىكىلىق بولۇشى كېرەك. تىلنىڭ ئۆزى ئاھاڭدارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، يازغۇچىلار ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتتىن پايدىلىنىپ، تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ۋە شەيئىلەرنى جاراڭلىق، رىتىملىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تىلنىڭ ئاھاڭدارلىقى ئۇنىڭ مۇزىكىدارلىقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىگىز-پەس، ئۇزۇن-قىسقا، ئېغىر-يېنىك، تېز-ئاستا ھەمدە ئېغىزغا ئەپلىك-راۋان بولۇشتىن ئىبارەت تىلنىڭ گارمونىك خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق كىشىلەردە بىر خىل يېقىملىق ھېس-تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ ۋە بەدىئىي زوق ھاسىل قىلىدۇ.

شېئىر تىلى نەسرى ئەسەر تىلىغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ كۈچ-

لۇك مۇزىكىلىقلىقا ئىگە بولىدۇ، شېئىر تىلىنىڭ مۇزىكىلىقلىغى، ئاساسەن، رىتىم، تۇراق، ۋەزىن ھەم قاپىيىدىن شەكىللىنىدۇ.

بەدىئى ئەسەر تىلىنىڭ مۇزىكىلىقلىغى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى تەسىر كۈچىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، بەلكى كىتاپخانلاردا ئىستېتىك تۇيغۇ ھاسىل قىلىدۇ.

بەدىئى ئەسەر تىلى ئادەتتە پېرسوناژ تىلى ۋە ئاپتور تىلى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. پېرسوناژ تىلىنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى تىلدىكى خاسلىق بىلەن ئومۇملۇقتىن ئىبارەت بولۇپ، پېرسو-ناژلارنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىگە ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىش تەلەپ قىلىـ-نىدۇ، بولۇپمۇ پېرسوناژ تىلىدا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش تەجرىبە-سى، يېشى، بىلىم سەۋىيىسى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى، كەسپى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىغى تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىش كېرەك. «چىنىقىش»، «دولان ياشلىرى» قاتارلىق ھېكايىلەردە پېرسوناژ تىلىنىڭ خاسلىغىغا خېلى ئەھمىيەت بېرىلگەچكە، مەتنىياز ۋە كەنجىگە ئوخشاش خاسلىققا ئىگە تىپىك پېرسوناژ ئوبرازلىرى بارلىققا كەلگەن.

ئەدەبىي تىلنى ئۆگىنىش ۋە بېيىتىش مەتبۇئات، ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ مۇھىم بۇرچى. يولداش ماۋ زېدۇڭ بىزگە: "تىل ئوڭايلا ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن مۇشەققەتلىك ئەمگەك سەرپ قىلماي بولمايدۇ" دەپ

تەلىم بېرىدۇ.

ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسى خەلق تىلى بولغاچقا، بىز تىلنىڭ ئاساسىي ياراتقۇچىسى ۋە ئىگىسى بولغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانلىق تىلىدىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. بۇ تىل خەزىنىمىزنى بېيىتىشنىڭ ئاساسلىق شەرتى، شۇنداقلا جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ سۆزلەر ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. تىل تەرەققىياتىنىڭ بۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە يېقىندىن نەزەر سېلىپ، مىللىي ئەدەبىيات تىلىمىزنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە تىل لۇغەت بايلىقىمىزنى بېيىتىشقا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك.

1979 ـ يىل.

# ئابدۇرەھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ «رابىئە-سەئىدىن» داستانى توغرىسىدا

ئابدۇرەھىم نىزارى 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشىغان، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى. "نىزارى" شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ، ئۇ 1770-يىلى قەشقەر كونىشەھەر بۇلاقبېشى مەھەللىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

نىزارى ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن كونا مەكتەپتە خەت ساۋادىنى چىقىرىپ، 1790-يىلى قەشقەردىكى ئاتاقلىق "خانلىق مەدرىس"كە ئوقۇشقا كىرگەن.

شائىر مەدرىستە ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا ئەرەپ-پارس تىللىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئەرەپ-پارس ئەدەبىياتى بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ خۇشخەت سەنئىتىنىمۇ ئۆگىنىپ، بۇ ساھەدە چوڭ ئىختىساسقا ئېرىشتى. شائىر مەدرىسنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىنى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجلىق بولغان خەتلىرىنى يېزىپ بېرىش شۇنىڭدەك تۈرلۈك كىتاپ نۇسخىلىرىنى كۆچۈرۈش

بىلەن كەمبەغەللىچىلىكتە ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەنە شۇ مەزگىللەردە پارس ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىكلىرىدىن شەيخ سەئدى، خوجا ھاپىز شىرازى، مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل، ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئەسەرلىرى ھەمدە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئەدىپ ئەلىشىر ناۋايى-نىڭ ئاتاقلىق «خەمسە»لىرىنى كۆچۈرۈپ كۆپەيتىپ، خەلقى-مىزنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن پايدىلىق مېھنەت سىڭدۇردى.

شائىرنىڭ دەسلەپكى ئىجادىي پائالىيىتى مەدرىستە ئوقۇپ يۈرگەن مەزگىللەردىلا باشلاندى. خەتتاتلىقتا كۆزگە كۆرۈنگەن تالانتلىق شائىر نىزارى قەشقەرنىڭ شۇ چاغدىكى ئورۇنباسار ۋاڭى زوھۇرىدىن ھاكىمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 1830-يىلى زوھۇرىدىن ھاكىم تەرىپىدىن مىرزىلىق (كاتىپلىق) خىزمىتىگە تەيىنلىنىپ، بۇ خىزمەتتە ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە تۇردى. بۇ مەزگىللەردە زوھۇرىدىن ھاكىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ئاستىدا قەشقەردە بىر ئەدەبىي كۇرژۇك تەشكىللەندى. بۇ كۇرژۇكقا نىزارىنىڭ زامانداشلىرىدىن تالانتلىق ئەدىپ تۇردۇش ئاخۇن (غېرىبى)، مۇھەممەت سادىق قەشقىرى قاتارلىقلار قاتناشتى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۈستىدە ھەمنەپەس بولۇشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەرەب-پارس كىلاسسىكلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. شۇنداق قىلىپ شائىر نىزارى بىر ئۆمۈر خەتتاتلىق ۋە شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ،

1848 ـ يىلى 78 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

شائىر ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولدى. ئۇ 1837 ـ يىلدىن تارتىپ «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق چوڭ ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشىپ، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئاياقلاشتۇردى. بۇ ئەسەر 48 مىڭ مىسرادىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «خەمسە»سىدىن قالسا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ زور شېئىرىي داستان ھېسابلىنىدۇ.

«مۇھەببەت داستانلىرى» «رابىئە ـ سەئدىن»، «ۋامۇق ـ ئۇزرا»، «مەھزۇن ـ گۈلنىسا»، «مەسئۇت ـ دىلئارا»، «پەرھات ـ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «بەھرام گۇر»، «چاھار دەرۋىش» (بۇنىڭ ئىچىدە بەش كىچىك داستان بار) قاتارلىق 18 داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 1842 ـ يىلى شائىر يەنە «دۇررۇل نەجات» («نىجاتلىق ئۈنچىلىرى») ناملىق پەلسەپىۋى شېئىرىي ئەسەرنى يازدى.

18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى بولغان نىزارى ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك شائىرى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا بېغىشلىدى. شۇ دەۋرنىڭ ئوردا شائىرلىرىغا ئوخشاش ھاكىمىيەت بېشىدىكى فېئودال مەنسەپدارلارنى خوشامەت بىلەن ماختاشتىن ساقلاندى.

شائىرنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى»غا كىرگۈزۈلگەن ئەسەر-

لىرىنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك خەلقچىلىق ۋە دېموكراتىك ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن بولۇپ، شائىر مۇھەببەت تىراگېدىيىسىنى يېزىش ئارقىلىق فېئودالىزىمنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى پاش قىلىپ، خەلقنىڭ ئەركىن-بەختىيار ھاياتنى قولغا كەلتۈرۈش ئىستىگىنى ئىپادىلىدى. بولۇپمۇ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ گۈلتاجىسى ھىساپ-لانغان «رابىئە-سەئىدىن» داستانى ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائى رىياللىقنى تېخىمۇ يېقىندىن ياندىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىلغار دۇنياقارىشىنى ئىپادىلىدى.

«رابىئە-سەئىدىن» داستانى 1834-يىلى قەشقەر پەيزىۋات ناھىيىسىدىكى بايتوقاي قىشلىغى يامانيار ئۆستىڭى (تەلۋىچۇك دەرياسى) بويىدا يۈز بەرگەن ھەقىقى رىيال ۋەقەلىكتىن ماتىرىيال ئېلىپ يېزىلغان.

بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدىبىياتىدا داستانچىلىق ئاساسي سالماقىنى ئىگەللەيدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر داستانى «ئوغۇزنامە»دىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخىي مەزگىل ئىچىدە بىزدە كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر داستانلار بارلىققا كەلدى. بۇ داستانلار خەلقىمىزنىڭ تارىخي ئىتنوگراپىيىسى، ئەدىبىيات تارىخى، تىل-يېزىغىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى پايدىلىق ماتىرىياللار بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. لېكىن نىزارىنىڭ «رابىئە-سەئىدىن» داستانى بارلىققا كەلگەنگە قەدەر بىزگە مەلۇم بولغان يازما داستانلار ئومۇمەن شەرق داستانچىلىق ئەنئەنىسى بويىچە خەلق ئارىسىغا تارقالغان ھىكايە،

چۆچەكلەر، رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەرنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلدى. پەقەت ئابدۇرەھىم نىزارى «رابىئە ـ سەئىدىن» داستانىدا ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋر ئىچىدىن رېيال ۋەقەلىك تاللىۋېلىپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانچىلىقىدا رېيالىزىم يولىنى ئېچىپ بەردى. «رابىئە ـ سەئىدىن» داستانىنىڭ يارىتىلىشى يالغۇز نىزارى ئىجادىيىتىنىڭ ئەھمىيەتلىك بىر نۇقتىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز. بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەزكۇر داستاندىكى پېرسوناژلار شائىر نىزارى بىلەن زامانداش بولۇپ، شائىر ئۇلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەردىن بىۋاستە ئاڭلىغان ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئېنىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولغان ئىدى. رابىئە ۋە سەئىدىنمۇ نىزارى دەۋرىدە ئۆتكەن شەخسلەر بولۇپ، ئۇلار داستان ئۈچۈن پىروتوتىپ قىلىندى. شۇ سەۋەپتىن «رابىئە ـ سەئىدىن» داستانى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا يۈكسەك ئىجتىمائى قىممەتكە ئىگە رېيالىستىك ئەسەر ھېساپلىنىدۇ.

داستاننىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن ئۇنىڭدىكى ئوبرازلارنى قىسقىچە كۆزدىن كەچۈرسەك، بۇ مۇھىم نۇقتىنا ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز.

داستاننىڭ سيۇژىتى مۇنداق: قەشقەرنىڭ يامانيار ئۆستىڭى بويىدىكى كۆكچى يېزىسىدا ياقۇپ ئىسىملىك ئوتتۇرا ھال بىر باي بولۇپ، ئۇنىڭ رابىئە ئاتلىق ناھايىتى گۈزەل بىر قىزى

بار ئىدى. شۇ يېزىدا ئىبىراھىم دىگەن بىر كەمبەغەل دىخان بولۇپ، ئۇنىڭ سەئىدىن ئاتلىق پاك نىيەتلىك، ساپ دىل بىر ئوغلى بار ئىدى، سەئىدىن بىلەن رابىئەنى ئىشقى ئوتى بىر بىرىگە باغلاپ تۇراتتى. ئاق كۆڭۈل ئىبراھىم ئوغلىنىڭ رابىئەنىڭ ئوتىدا كۈندىن-كۈنگە زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كېتىۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ، ئوغلىنىڭ ھەقىقانى تەلىۋى بويىچە ياقۇپ ئائىلىسىگە ئەلچىلىككە بېرىپ، بۇ ئىككى ياشنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسىنى يەتكۈزىدۇ. لېكىن رابىئەنى چوڭ بايغا بېرىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئابروي تېپىش ۋە باي بولۇش نىيىتىدە يۈرگەن پەسكەش ياقۇپ بۇ ئورۇنلۇق تەلەپنى ئۆزى ئۈچۈن ھاقارەت ھىساپلاپ قەتئى رەت قىلىدۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بىچارە سەئىدىن ھىچقانداق چىقىش يولى تاپالماي مەجنۇنلۇق ساھەسىگە يۈز تۇتۇپ، مازارمۇ-مازار يىغلاپ يۈرۈپ، قەلبىدە رابىئەنىڭ پىكرى، تىلىدا رابىئەنىڭ زىكرى بولغان ھالدا ئۆزىنىڭ ياش ھاياتىنى قۇربان قىلىدۇ. پەسكەش ياقۇپ ئۇلارنىڭ مۇھەببەتىگە زارىغا ھىچقانداق پەرۋا قىلماستىن، فېئودال قارا نىيەت جابىرغا رابىئەنى مەجبۇرى نىكالاپ بېرىدۇ. لېكىن رابىئە جابىر بىلەن بىرگە ياشاشنى ئۆزى ئۈچۈن نومۇس ھىساپلاپ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر كۈنمۇ تۇرمايدۇ. دادىسى ۋە ئانىسى ئۇنى زورلۇق بىلەن جابىرنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا مەجبۇرلايدۇ، ئاخىرى رابىئەمۇ فېئوداللىزىمنىڭ بۇ روھى كىشەندىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىن-بىر چارىسى ئۆلۈم يولى دەپ تونۇپ، تەلۋىچۈك دەرياسىغا ئۆزىنى

تاشلاپ بىۋاپا دۇنيادىن خوشلىشىدۇ.

شائىر نىزارى جەمىيەتتە يۈز بەرگەن رابىئە ۋە سەئىدىنىڭ بۇ تىراگېدىيىلىك ۋەقەسىنى تىپ دەرىجىسىگە كۆتىرىش ئارقىلىق فېئودالىزىم جەمىيىتىنىڭ رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى پاش قىلدى ۋە مۇشۇ تىراگېدىيە ئارقىلىق فېئودالىزىمغا بولغان نارازىلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. بولۇپمۇ شائىر بۇ داستاندا رىيالىزىم پىرىنسىپىغا باشتىن-ئاخىر ئەمەل قىلىپ، رىيال شەخس جابىر ۋە ياقۇپ تەك فېئودالىزىم ھىمايىچىلىرىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق فېئودالىزىمنىڭ ئىنسانلار ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان چىرىك ئىجتىمائى ماھىيىتىنى پاش قىلدى. ئەزگۈچى ۋە ئېزىلگۈچىلەردىن ئىبارەت قارىمۇ-قارشى ئىككى سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە كۆزقاراشلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىجتىمائى تەڭسىزلىكلەرنىڭ سىنىپىي مەنبەسىنى كۆرسەتتى.

بىز گە مەلۇمكى، فېئودالىزىم شارائىتىدا يېزىلغان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى ئەركىن مۇھەببەت تېمىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى بۇ كۆزقاراش فېئودالىزىم جەمىيىتى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئىنسانى ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىنقىلاۋىي دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ ئىپادىسى، ئەلۋەتتە. شۇڭا رابىئە ۋە سەئىدىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى، ناھايىتى ئېنىقكى، تەرەققىپەرۋەر كىشىلەر بىلەن فېئودال ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى جىددى توقۇنۇشتىن يەنى

ئەركىنلىك ۋە ئادالەتنىڭ زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى كەسكىن ئىسيانىدىن ئىبارەت. چىرىك فېئودالىزىم شارائىتىدا سەمىمى، ئەركىن مۇھەببەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. ھەقىقى مۇھەببەت قاتتىق گۇنا ھېساپلىنىپ ھامان جازاغا ھۆكۈم قىلىناتتى. فېئودالىزىم جەمىيىتىنىڭ مانا بۇ توپ ماھىيە-تىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان خەلقپەرۋەر رىيالىزىمچى شائىر نىزارى ئۇنىڭدىن كۈچلۈك نارازى بولۇپ، «رابىئە-سەئىدىن» داستانى ئارقىلىق فېئودالىزىم جەمىيىتىنى شىددەت بىلەن پاش قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئىسيانكارلىق روھىنى ئەركىن مۇھەببەت تېمىسى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە مۇۋەپپەق بولدى.

ئاپتور داستاندا ئېزىلگۈچى سىنىپنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىبراھىمنىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى سەئىدىنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا ئېيتقان مۇڭلۇق مەرسىيىسى شائىرنىڭ فېئودالىزىم جەمىيىتى ئۈستىدىن قىلغان كۈچلۈك شىكايىتىدىن ئىبارەت:

رىيازەتتە ئۆتكەن باشىڭغا دەرىخ،
قىزىل قانلار ئاققان ياشىڭغا دەرىخ.

كى تۇپراققا تولغان كۆزۈڭگە دەرىخ،
سارىغ گۈلدەك سولغان يۈزۈڭگە دەرىخ.

شەركەۋار شىرىن سۆزۈڭگە دەرىخ،
سۆزۈڭگە دەرىخ ھەم ئۆزۈڭگە دەرىخ.

قازا تىغى تۆككەن قانىڭغا دەرىخ،
پىراق ئىچرە كۆيگەن جانىڭغا دەرىخ.

چۇ مېھنەتتە كەزگەن يولۇڭغا دەرىخ،
ئاچىلماي ساچىلغان گۈلۈڭگە دەرىخ.

كى ھىجران يوق ئەتكەن نىھادىڭغا[1] داغ،
جۇدالىقتا ئۆتكەن مىرادىڭغا داغ.

سەھەرلەردە چەككەن پىغانىڭغا داغ،
ۋاپاسىزلىق ئۆتكەن زامانىڭغا داغ.

. . . . . . . . . . . . .

يۇقۇرقىلار يالغۇز ئىبراھىمنىڭلا ئەيىپنامىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى فېئودالىزم جەمىيىتىدە خورلانغان مىليونلىغان خەلقلەرنىڭ فېئودالىزىمغا قارشى غەزەپ-نەپرىتىدىن ئىبارەت.

شائىر فېئودالىزم تۈزۈمىنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان ۋاپاسىزلىقىنى داستانىنىڭ خاتىمىسىدە مەنزىرە تەسۋىرى، گۈل-گىيالار تەسۋىرى، ئۇچار قۇشلار تەسۋىرى ۋە باشقا تەسۋىرىي ئوبرازلار ئارقىلىق ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ، كىشىلەردە فېئودالىزم دۇنياسىغا قارىتا كۈچلۈك نارازىلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ، يەنى شائىر كەڭ تەسەۋۋۇر قىلىپ ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا ئالەمنى "نۇرلۇق قۇياشنى ئۆزىنى كۆرىدىغان ئەيىنەك قىلغان، قۇلغىغا پەرۋىن يۇلتۇزىنى سىرغا قىلىپ ئاسقان، ھىلال ئايىنى چېچىغا تاغاق قىلغان، يېشىل ۋە ھال رەڭدە لىباس كىيگەن بىر ياش چوكان"غا ئوخشىتىدۇ. شۇڭا ئۇنى

---

[1] نىھاد — ۋۇجۇدت، جىسىم.

ھەممە كىشى دىلىدىن ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا پۈتۈن ئۈمىدىنى باغلايدۇ، ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق دۇنيا كىشىلەرگە ۋاپا قىلماي، جاپا قىلىدۇ. شۇڭا بۇ زالىم پەلەك گەردىشىدىن جىمىكى نەرسىلەرنىڭ دىلى زەخىمناك بولدى. ھەتتا گۈل ـ گىيالارنىڭ باغرىنى خۇن قىلغان، قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ جىسمىنى داغ قىلغان، "ياش چوكان" قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ قېرى جەددال ساددا خەلقلەرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىغا توزاق قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىگىنى كىشەنلىدى... دەپ بايان قىلىدۇ. ئەنە شۇ سەۋەپتىن، بۇ زالىم دۇنيادىن ھېچ كىشىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپمىغاچقا، شائىر داستانىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە ناھايىتى ئورۇنلۇق ھالدا ساقىغا مۇراجىئەت قىلىپ، غەزەپ بىلەن:

ئەگەر نەچچە تۇتساڭ تېمىزماي ئىچەي،
ۋاپاسىز جاھاننىڭ بارىدىن كېچەي.

دەپ داستانىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

بىز بۇلاردىن نىزارىنىڭ فېئودالىزىم تۈزۈمىنىڭ توپ ماھىيىتىنى خېلى دەرىجىدە چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار پىكىرلىك دېموكرات شائىرى ئىكەنلىگىنى كۆرۈۋالالايمىز.

داستاندا رابىئە ئوبرازى بىرقەدەر مۇكەممەل يارىتىلغان ئوبراز ھېساپلىنىدۇ. رابىئە فېئودالىزىم تۈزۈمىنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ئىسكەنجىسىگە قارشى ئورنىدىن دەس تۇرغان، ئۆز سۆيگۈسىگە ۋاپادار قىز ئوبرازى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سەئىدىنىڭ ساپ مۇھەببىتىگە مۇئامىلە قىلىشتا رابىئەنىڭ دادىسى بىلەن

جابىر ۋەكىللىك قىلغان فېئودالىزىم جەمىيىتى بىر تەرەپتە تۇرغان بولسا، رابىئەنىڭ ئۆزى بىر تەرەپتە تۇردى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن كەمسىتىلگەن ۋە ھاقارەتلەنگەن ساپ نىيەت، ئاق كۆڭۈل سەئىدىنىنى فېئودالىزىم ئەخلاقىنىڭ ھىمايىچىسى ۋە قوللىغۇچىسى جابىردىن مىڭ ھەسسىلەپ يۇقۇرى قويىغان كىشى يەنە شۇ رابىئە ئىدى.

قىسقىسى رابىئە ئۆزىنىڭ ۋاپادارلىقى، قەيسەرلىكى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقى، نومۇس ۋە پاكلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ماختىشىغا سازاۋەر بولالايدۇ. سەمىمىي ئىشقىي مۇھەببەت يولىدا سەئىدىن ئۆز دەۋرىدىن قانچە دەرت-ئەلەم چېكىپ، قانچە غەم-قايغۇغا مۇپتىلا بولسا، رابىئەمۇ فېئوداللىق قەپەز ئىچىدە شۇنچە غەم-ئەلەمگە گىرىپتار بولۇپ جاپا چەكتى، ھىجران ئوتلىرى سەئىدىننى كۆيدۈرگەن بولسا، رابىئەنى كۈل قىلدى، فېئودالىزىمنىڭ ئادالەتسىز قائىدە-تۈزۈملىرى سەئىدىننىڭ ھايات يولىنى بوغۇپ، ئۇنى تىرىك يۇتقاندا، ئاجىز رابىئە فېئودالىلىق شەرىئەتنىڭ ئادەمنى ساراڭ قىلىدىغان ئېغىر ۋە قانلىق قولىنىڭ ئۆز يەلكىسىدىن قاتتىق بېسىپ تۇرغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھىس قىلىپ، سەئىدىنگە بولغان شەبنەمدىن پاك مۇھەببىتىگە ئاخىرغىچە سادىق بولدى.

ئومۇمەن رابىئە ئوبرازى سوتسىيال ماھىيەت جەھەتتىن فېئودالىق شەرىئەتنىڭ قارا زەنجىرلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغان خوتۇن-قىزلارنىڭ تىپىك ئوبرازد-

دىن ئىبارەت.

ئايا چەرخى زالىم توگەندى ئىشىڭ،
بۇدۇر ئەمدى ئىشىق ئەھلىگە قىلمىشىڭ.

سىنىڭ كارىڭ بولدى جاپاكارلىق،
كى يوق سەندە ھەرگىز ۋاپادارلىق.

ئەزەلدىن ئەبەت كىمگە قىلدىڭ ۋاپا،
ۋاپا ئەھلىگە يەتتى سەندىن جاپا.

رابىئەنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا تەلۋىچۈك دەرياسى بويىدا ئېيتقان بۇ نەزمىسى جاھالەتلىك فېئودالىزىم جەمىيىتى ئۈستىدىن چىقىرىلغان ئومۇمى يەكۈندۇر.

فېئودالىزىم شارائىتىدا رابىئەدەك ئەركىنلىك تەرەپدارلىرىنىڭ ئۆز ئارزۇسىغا يېتىشكە ھېچقانداق يول يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رابىيەنىڭ ئۆلۈمى فېئودالىزىمغا باش ئەككەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولماستىن، فېئودالىزىمنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان قارا پەردىنى يىرتىپ تاشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسىدىن ئىبارەت. بۇ ئۆلۈم ئۈمىتۋارلىققا تولغان ئۆلۈم بولۇپ، فېئودالىزىمغا بولغان كۈچلۈك قارشىلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇڭلاشقا شائىر رابىيەنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى روھىي كەيپىياتىنى چۈشكۈن، ئۈمىتسىز ھالەتتە سۈرەتلىمەستىن، بەلكى ئۆز ۋىسالىغا يەتكەن توي خوشاللىقى سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ، كىشىلەردە ئۈمىتۋار تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئايا پەرھات ـ شىرىن ئەيلىگىز بىزگە راپاقەتلىك،
كى ھىجران ئوتى ھەرگىز بەرمىدى تەسكىن قارارىمغا.

ئايا بۇلبۇلكى، زار ئەيلەك بۇ تويكى بولدى شاھانە،
تەئەججۇپ ئەيلىڭىز ئىشق ئىچرە قىلغان كار بارىمغا.

تاماشا ئەيلىڭىز، بۇ توي ئارا ئى ھۆر-غىلمانلار،
پىغانۇ نالەلەر ئەيلەپ كېلىڭ ئەمدى كانارىمغا.

داستاندا سەئىدىننىڭ پائالىيىتىگە ئانچە كۆپ ئورۇن بېرىلمىگەن بولۇپ، ئۇ داستاننىڭ يېرىمىدا ئۆلىدۇ. شۇڭا سەئىدىن ئوبرازى داستاندىكى ۋەقەلىكنىڭ يەكۈنلىگۈچىسى ئەمەس. سەئىدىن ھەقىقى ئاشىق، ئۆز سۆيگۈسىگە نىسبەتەن سەممىمى سادىق، ۋاپادار بولغان يىگىت ئوبرازىدۇر. سەئىدىن ئۈچۈن رابىئە ھەممىدىن ئەزىز، ھەممىدىن قىممەتلىك بىباھا گۆھەر ھېساپلىناتتى. سەئىدىن ئاشىقى رابىئەسىز ياشاشنى زادى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. سەئىدىننىڭ قەتئى ۋە ئۆزگەرمەس ئېتىقادى مانا شۇ بولغاچقا، ئۇ بۇ يولدا تەركى دۇنيا بولۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. سەئىدىننىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بەختسىزلىكنىڭ ئامىلى ئىجتىمائى تەڭسىزلىكتىن ئىبارەت. سەئىدىن تۆۋەن تەبىقە ۋەكىلى، ئۇ ھەرقانچە ئىدرەكلىك ۋە پاراسەتلىك بولسىمۇ، بەرىبىر ئۆزىدىن يۇقۇرى تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان پەسكەش ياقۇپنىڭ قىزىغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشقا، تەبىئىكى، فېئودالىزىم تۈزۈمى يول قويمايدۇ، فېئوداللار تەبىقىسىنىڭ چىرىك ئەخلاقىي رامكىلىرىغا سەئىدىننىڭ ئىنسانى پەزىلەتلىرى ۋە ئەركىنلىك غايىلىرى سىغمايدۇ. مانا بۇ «رابىئە-سەئىدىن» داستانىدا ئىپادىلەنگەن ئىككى تەبىقە ئوتتۇرىسىدىكى زىددى-

يەتنىڭ تۇگۇنى. شۇنىسى ئېنىقكى، سەئىدىنىڭ قاتىلى فېئودالە-
زىمدىن ئىبارەت. سەئىدىن ئوبرازىدىكى بەزى نۇقسانلارنى دەۋر
چەكلىمىسى ۋە تارىخىي چەكلىمىلىكتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

داستاندا ئىجابى ئوبرازلارغا قارىمۇ-قارشى ھالدا ياقۇپ
ۋە جابىرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. ياقۇپ داستاندا ئىنتايىن
پەسكەش، ئىنتايىن ئاچكۆز ۋە ھىلىگەر ئادەم قىلىپ تەسۋىر-
لىنىدۇ. ياقۇپ فېئوداللىق ئۆرپ-ئادەتلەرنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇ-
چىسى، فېئوداللىق دۇنياقاراشنى نامايان قىلغۇچى سۈپىتىدە
مەيدانغا چىقىدۇ. ياقۇپ شۇڭلاشقا ئۆز ئائىلىسىدە ناھايىتى
زالىم، ئەكسىچە يۇقۇرى تەبىقە ۋەكىللىرىنى كۆرسە خوشامەت
قىلىپ ئىگىلىدۇ:

دىدى خاتۇنغا سەن ئى بىخىرەد،
قىزىڭ قىلماسۇن بۇ كالاممنى رەت.

قوشۇپ بەر قىزىڭنى كۈيۈۋگە بۇگۇن،
تاياق زەخمى ئەيلە ئەگەر قىلسا ئۇن.

بۇ مىسرالار ياقۇپنىڭ رەزىل روھىي دۇنياسىنى ئاشكارىلايدۇ.

فېئودالىزىمنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن يەنە بىر
ئوبراز جابىردۇر. شائىر داستاندا جابىرنى كۆپ خاراكتىرلاپ
ئولتۇرمايدۇ، ئەمما ۋەقە تەرەققىياتىدىن جابىرنىڭ خۇددى
«لەيلى-مەجنۇن» داستانىدىكى ئىبنى سالامنىڭ ئوبرازىغا
ئوخشاش رابىئە-سەئىدىن ئارىسىغا ئۇنگەن شۇم تىكەن ئىكەن-

لىگى ئۇچۇق سېزىلىدۇ. شائىرمۇ ئۇستىلىق بىلەن جابىرنى ھەممە كىشىگە تونۇشلۇق بولغان ئەشۇ ئىبىنى سالامغا تەگلەش-تۇرۇش بىلەن كۇپايىلىنىدۇ.

قوناي دىدى گۈلنىڭ يۈزى ئۈزرە زاغ①،
تۇتۇپ گۈل ئۈزنى ياۋۇتماي يىراغ.

دىمەك، «رابىئە-سەئىدىن» داستانى يۇقۇرقىدەك رىيال ئىجتىمائى ۋەقەلەرنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان بولۇپ، رابىئە ۋە سەئىدىننىڭ مۇھەببەت تىراگېدىيىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەشۇ دەۋرلەردىكى قارا تەقدىرىنىڭ ئومۇمى كۆرۈنۈشى ئىدى. بۇ داستان ئاشۇ نۇقتىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھىس-تۇيغۇ، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ھەققى سۈرەتلەپ بەرگەن، خەلقچىللىق ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان مۇنەۋۋەر رىيالىزىملىق ئەسەر بولۇشقا مۇناسىپ.

«رابىئە-سەئىدىن» داستانىنى ئاپتور ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، يەنى بەدىئى ماھارىتى يۈكسەك دەرىجىگە كۆتىرىلگەن دەۋردە يازغانلىقى ئۈچۈن، باشقا ئەسەرلىرىگە قارىغاندا بەدىئىلىك تەرەپتىن خېلى ئۈستۈن تۇرىدۇ.

«رابىئە-سەئىدىن» بەدىئى قۇرۇلۇش جەھەتتىن ناھايىتى ئىخچام ۋە پۇختا تۈزۈلگەن. شائىر بۇ داستاندا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلىگە ئىجادى ۋارىسلىق قىلىپ،

① زاغ — قاغا.

ئەسرى بىلەن نەزمىنى زىچ بىرلەشتۈردى، داستان ئومۇمەن ئۈچ
باپقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر بىر باپ بىرقانچە بۆلەكتىن تۈزۈلگەن.
ھەرقايسى بۆلەكلەرنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان
كۆۋرۈك سۈپىتىدە شۇ بۆلەكنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى نەسرى
يول بىلەن ناھايىتى ئىخچام ئوبرازلىق ھىكايە قىلىپ بەرگەن.
داستاننىڭ بىرىنچى بۆلىگى ئۇنىڭ ئاساسىي تۈگۈنى بولۇپ،
ئۇنىڭدا شائىر ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىنى كىتاپخانىلارغا
بىر ـ بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ. شائىر داستاننىڭ ئومۇمى
قۇرۇلمىسىدا باشتىن ـ ئاياق پىكىرنىڭ مەنتىقىلىق ئىزچىللىقىغا
قاتتىق ئېتىۋار قىلغاچقا، بۆلەكلەر ئارىسىدىكى سەۋەپ ـ نەتىجە
مۇناسىۋىتى روشەن ئىپادىلەنگەن. نىزارى بۇ داستاندا بايانىنى
ۋەقەنىڭ دەل ئۆزىدىنلا باشلايدۇ، رابىئە بىلەن سەئدىنىنىڭ
مۇھەببەت تارىخىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ. بۇ ھال داستاندىكى
مەركىزىي زىددىيەت ۋە توقۇنۇشنىڭ كەسكىن تۈس ئېلىشىغا
تۈرتكە بولىدۇ. بىرىنچى بۆلەكتە ئىبراھىم ئوغلى سەئدىنىنىڭ
رابىئەگە بولغان سەمىمى مۇھەببىتىگە ئەلچى بولۇپ ياقۇپىنىڭ
ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ سەئدىنىنىڭ ئورۇنلۇق تەلىۋىنى
قەتئى رەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پاناسىز ۋە ئامالسىز قالغان
سەئدىن "كى سەئدىن ئوزارى بولۇپ زەپىران، كۆزى ئەبىر[1]
يەڭىلىغ بولۇپ ياش راۋان" ھالىتىگە چۈشىدۇ. ئىككىنچى

[1] ئەبىر ــ بۇلۇت.

بۆلەكتە ئۇنىڭغا سىڭىشتۈرما قىلىپ جابىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ياقۇپنىڭ پەسكەش روھىي دۇنياسىنى ئاشكارىلايدۇ، رابىئەنى بۇ قارا قولنىڭ ئالقىنىغا تاشلاپ بېرىدۇ. بۇ هال ۋىسالىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن سەئىدىننىڭ تىراگېدىيىسىگە سەۋەپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۆلەكلىرىدە ئەنە شۇ سەۋەپتىن زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ يۇقۇرى پەللىگە كۆتىرىلىدۇ. رابىئەنىڭ پاك قەلبى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا تېخىمۇ نامايان بولىدۇ ۋە ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسىمۇ مۇشۇ بۆلەكلەردە روشەن ئېچىلىدۇ. داستاننىڭ ئاخىرقى بۆلىگى ئاساسىي سيۇژىت بىلەن بىۋاستە باغلانمىسىمۇ، ئەمما ئۇ بۆلەكنىڭ ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن كومپوزىتسىيىسىدە ئوينىغان رولى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئۇنى داستاننىڭ ئومۇمى خۇلاسىسى دېيىش مۇمكىن. بۇ بۆلەكتە نىزارى ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئى ماهارىتىنى نامايان قىلغان بولۇپ، فېئوداللىق تۈزۈمگە قارىتا ئومۇمى كۆزقارىشىنى سىمۋولىستىك ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق يەكۈنلەيدۇ.

داستاندا شائىر ئورۇن، جاي، مەنزىرە، شارائىت تەسۋىرلىرىدىن كۆرە ئاساسىي پېرسوناژنىڭ خاراكتېرلىق ۋە پسىخىك تەسۋىرىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەن، پېرسوناژلارنىڭ هەركىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىرلىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلانغان. شۇ سەۋەپتىن داستان ئۆز-ئۆزىدىن هېسسىيات تېمىپ تۇرىدىغان هېسسىيات بۇلىقىغا ئوخشايدۇ.

«رابىئە-سەئىدىن» داستانىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنى هاياجانلاندۇ-

رالشىنىڭ مۇھىم سەۋەپلىرىنىڭ بىرى داستان تىلىنىڭ ئوبراز-چانلىغى، ئىنىقلىغى، ئىخچاملىغى ۋە ئاھاڭدارلىغىدىن ئىبارەت. داستاندىكى پۈتۈن پىكىرلەر ئوبرازلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتور ئوخشىتىش، سىمۋول، تەقلىت، سىلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۇنىڭ بىلەن ئابىستىراكىت ئۇقۇملارنى ھىس قىلغىلى بولىدىغان كونكې-رىت نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلاردا ئىستېتىكىلىق سېزىم ئويغاتقان. مەسىلەن، رابىئەنىڭ يۈكسەك ۋاپادارلىغىنى —

ۋاپا مەدەنىنىڭ ئىرۇر گەۋھىرى،
سەپا مەخزەنىنىڭ غەرىپ جەۋھىرى.

دەپ تەسۋىرلىسە، رابىئەنىڭ گۈزەللىگىنى ئىخچام قىلىپ مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

گۈزەللىكتە گويا يۈزى گۈل ئىدى،
لەبى لەلى شىرىنلىغى مۇل [1] ئىدى.

قاتار كىرپىگى ئوق، قاشى ئىدى يا،
كۆزى جادۇ، ساچى بى غايەت قارا.

فېئودالىزىمنىڭ سەئىدىنگە سالغان جەۋرى-جاپاسىنى پەقەت بىرلا مىسرا ئارقىلىق "كى سەئىدىننى نۇندەك ئىگىپ كۆھ، غەم" دەپ ئىپادىلىسە، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ مۇشۇ مىسكىن ھالىتىنى خۇددى ئوتقا تاشلانغان موي (قىل)نىڭ تولغىنىپ كۆيۈشىگە

---

[1] مۇل — شاراپ.

ئوخشىتىدۇ. بۇ جانلىق ئوخشىتىشلاردىن ئوقۇغۇچىلار سەئىدىنىڭ ئىغىر قايغۇ-ھەسرىتىنى چوڭقۇر ھىس قىلالايدۇ.

ئاپتور بولۇپمۇ داستاننىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە ھەر خىل ماجازى ۋاستىلەردىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەبىئى كۆرۈنۈشىنى ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمىيەتنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتىرىغا تەتبىقلايدۇ. بەزىدە شائىرنىڭ قەلبىدىن مۇڭ تۆكۈلسە، بەزىدە شۇ مۇڭدىن كۈچلۈك غەزەپ يانىدۇ.

داستاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرمۇنچە چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولغان پەلسەپىۋى پىكىرلەر يالىڭاچ ھالدا ئىپادىلەنمەستىن، بەدىئى ئەدىبىياتنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىگى بويىچە جانلىق ھىس-تۇيغۇ ياردىمى بىلەن بايان قىلىنغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك شېئىرىي پىكىر قوزغايدۇ.

ئەگەر ئىشقى قىلسا بىراۋنى ئەسىر،
ئەگەر ئىشقى پاشا بولسا بولۇر مىسلى شىر.

بۇ پىكىر ھەقىقەتەن تۇرمۇش مەنتىقىسىگە يېقىن بولۇپ، رابىئە ۋە سەئىدىنىڭ تۇرمۇش ئېتىقادى بىلەن زىچ ئالاقىدار.

نىزارى ئۆز داستاننىڭ شەكلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئاممىباپلىققا ۋە خەلقچىللىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

ئۇ داستاندا: "يېتىپ-تۇركى، كىمگە جاھاندىن ۋاپا، ۋاپا قىلسا سوگرە قىلۇر مىڭ جاپا" دىگەندەك ماقال-تەمسىل

خاراكتېرلىق ئاددى ئاممىباپ مەزمۇندار سۆزلەردىن كۆپرەك پايدىلىنىپ، داستاننى كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن خېلى دەرىجىدە يېقىنلاشتۇرغان.

دېمەك، «رابىئە ـ سەئدىن» داستانى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان رېيالىزىملىق ئەسەر بولۇپ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشۇلغان بۈيۈك تۆھپىلەرنىڭ بىرى بولۇشقا مۇناسىپ.

لېكىن داستان يۇقۇرقىدەك ئۈتۈقلىرىدىن تاشقىرى چەكلىمىلىكتىنمۇ خالى بولالمىغان. يەنى، داستاندىكى بەزى ئوبرازلار (سەئدىن ئوبرازى كۆزدە تۇتۇلىدۇ) مەلۇم دەرىجىدە چۈشكۈنلۈك ۋە بىچارىلىقتىن خالى بولالمىغان. بىز كلاسسىك ئەسەرلەردىكى بۇنداق تارماق ئېقىملارغا قارىتا تارىخىي ماتېرىيالىزىم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

1979 ـ يىل.

# چىنلىق ــ ئەدەبىياتنىڭ جېنى

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ «دولان ياشلىرى» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇپ چوڭقۇر ھاياجانلاندىم.

شىنجاڭنىڭ "ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى" دېگەن نامى بار. مەزكۇر ھېكايىدە سۈرەتلەنگەن دولانلىقلارنىڭ يۇرتىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى بۇ گەپنىڭ رېياللىققا تولىمۇ ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن تىپىك پېرسوناژ پالتاخۇن ئېيتقاندەك، ناخشا ـ ئۇسسۇل دولانلىقلارنىڭ ئەڭ زور مەنىۋى بايلىقى، ئۇلارنىڭ خوشاللىقىمۇ ناخشا ـ ئۇسسۇل، ناخشىسىز ـ ئۇسسۇلسىز ئۆتكەن كۈنى سىرتماقتا تۇرغاندەك ئازاپلىق. شۇڭا پالتاخۇن پۈتۈن ئۆمرىنى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ مەنىۋى ئېتىقادى ھاياتقا ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ھەمرا قىلىش بولغاچقا، ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ياقتۇرمايدىغان ئوغلى كەنجىنىڭ ئۆز يۈزىدىن تامغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىدۇ، دولانلىقلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلنى سۆيىدىغان ئەڭ ياخشى بىر پەزىلىتىدىن مەھرۇم قالغان ئوغلىدىن نەپرەتلىنىدۇ. يالغۇز پالتاخۇنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دولان خەلقى كەنجىنى مۇشۇ ئەيىۋى ئۈچۈن سەنئەتنى

خورلايدىغان ياۋايى تەبىئەتلىكلەرنىڭ خىلىغا قوشۇپ، ئۇنى "بۇت" دەپ ئاتىشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، دولانلىقلار ئۆزىنىڭ بىر پۇشتىنى "بۇت" ھالىتىدە تاشلىۋېتىشكە كۆڭلى قىمايدۇ-دە، بارچە ئامال بىلەن ئۇنى دولان ياشلىرىنىڭ قاتارىغا قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولىدۇ. ھېكايىدىكى ئاساسىي زىددىيەت، توقۇنۇش مانا شۇ ئوبيېكتىپ رىياللىققا مەركەزلىشىدۇ. دولانلىقلارنىڭ بۇ مەنىۋى دۇنياسىنى چوڭقۇر ھېس قىلمىغانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھېكايىدىكى رىيال تۇرمۇش ۋەقەلىكىدىن شەكىللەنگەن زىددىيەت ۋە توقۇنۇش غەلىتەرەك سېزىلىپ، ئەرزىمەس ئىشلار قاتارىدا قارىلىشى مۇمكىن. لېكىن بىر مەزگىل دولانلىقلار بىلەن ھەمنەپەس بولسىڭىز، مەزكۇر ھېكايە ئوبيېكتىپ رىياللىقنى چىنلىق بىلەن تەسىرلىك ۋە ئىشەنچلىك سۈرەتلەپ، دولان خەلقىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ھەقىقى ئېچىپ بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.

قۇم بارخانلىرىنى يۆتكەپ، تارىم گۈلزارلىقىنى بەرپا قىلغان ئەمگەكچان دولانلىقلار جاھالەت ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ قاراڭغۇ يىللاردىمۇ ئىجتىمائى تەڭسىزلىك تۈپەيلىدىن شەكىللەنگەن مەنىۋى قەھەتچىلىكنى باي ۋە مەزمۇنلۇق سەنئەت پائالىيىتى بىلەن تولدۇرۇپ، زورلۇق-زومبۇلۇققا تىز پۈكمەي، روشەن مىللى ئۇسلۇپقا ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە پارلاق دولان مەدەنىيىتىنى ياراتتى. "دولان مەشرەپى"دىن ئىبارەت بۇ ئاممىۋى ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيىتى دولانلىقلارنىڭ ئەنە شۇ مەدەنى-

يىتىنى نامايان قىلىدىغان ۋە ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا داۋاملاشتۇرۇپ بېرىدىغان كۆرەك سەھنىسىدۇر.

ۋەتىنىمىز ئازات بولۇپ، تارىم ۋادىسىغا تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگەندە، خوشاللىقتىن تېنىگە سىغمىغان دولانلىقلار يۇتۇن يۇرت ـ مەھەللىلەردە ناخشا ـ ئۇسۇل مەشرەپلىرى ئارقىلىق ئۆز بەختىنى تەنتەنە قىلدى، ئىجارە كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتى دەۋرىدە نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ پۇت ـ قولىنى كىشەنلەپ كەلگەن فېئوداللىق يەر مۇلۇكچىلىكى ئاساسىدىكى يالغان هۆججەتلەرنى ئاشكارا سورۇندا كۆيدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا خوشاللىق مەشرىپى ئۆتكۈزدى. قىسقىسى، تاڭ نۇرى دولانلىق- لارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈلزارلىغىغا چەكسىز هاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى. ئەپسۇسكى، لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" بارلىق قەبىھ ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، جۇڭگو ۋە چەتئەلنىڭ قەدىمقى زامان ۋە هازىرقى زامانىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىرىنى قارا ـ قويۇقلا " زەھەرلىك چۆپ"، "شۇمبۇيا" دەپ يۇلۇپ تاشلىماقچى بولدى، پالتاخۇن ۋە مەتيا راۋاپچەك يۇرەك رىشتىسىنى ناخشا ـ ئۇسۇلغا سەرپ قىلغان خەلقىمىزنىڭ غۇرۇر- لىرىنى "فېئودالىزىمنىڭ تەرغىباتچىسى"، "كونىلىقنىڭ هىمايە- چىلىرى" دەپ زەربە بەردى... ئەمگەكچى خەلق ئۆزى ياراتقان مەنىۋى بايلىقنىڭ خورلىنىشىغا ۋە هاقارەتلىنىشىگە قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟!

«دولان ياشلىرى» ناملىق بۇ هېكايىنىڭ ئەڭ زور ئۇتۇغى

تۇرمۇش چىنلىغىنى ئۇنۇملۇك ھالدا بەدىئىي چىنلىققا ئايلاندۇ-رۇپ بەرگەنلىگىدىن ئىبارەت دىيىش مۇمكىن. بەدىئىي چىنلىق ئوبىكتىپ تۇرمۇش ئەمىلىيىتى بىلەن يازغۇچىنىڭ مەبدانى ۋە كۆزقارىشىنىڭ ئورگانىك بىرلىگىدۇر. «دولان ياشلىرى»دا ئىپادىلەنگەن بەدىئىي چىنلىقمۇ ئەنە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەن. بىز دەۋاتقان بەدىئىي چىنلىق بىر خىل ئابىستىراكىت ئۇقۇم بولماستىن، روشەن بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق كونكىرىت ئىپا-دىلىنىدۇ، پىرسۇناژ ئوبرازى ئۇستىگە مەركەزلىشىدۇ. «دولان ياشلىرى»دا يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارغا قارىساق، ئۇ گويا تۇرمۇشتىكى تىرىك ئادەمگە ئوخشاش بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئاپتور بۇ ھىكايىدە ئاساسلىق 6 نەپەر پىرسۇناژ ئوبرازىنى ياراتقان. بىز بۇ پىرسۇناژلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان خاراكتىرى ئارقىلىق ئاپتور ھىكايە قىلىۋاتقان ھەممە نەرسىنى تولۇق كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. ئىلىمىزنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى ماۋدۇن تىپ يارىتىش توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ: "دەرۋەقە شۇنداق، 'ئۇ' بىزنىڭ تونۇشىمىزمىكىن دىسەك، ئەمەس، لېكىن قىياپىتى تونۇشتەكلا تۇرىدۇ. تونۇش-لىرىمىز ئىچىدە 'ئۇ'نىڭ بەلگىلىرى بار، قارىماققا ھەممىسى 'ئۇ'نىڭغا ئوخشايدىغاندەك تۇرىدۇ، ئەمما 'ئۇ' بىزگە تونۇش بولغان كىشىنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس. ھەممە ئادەم بەزىبىر جەھەتلەردە 'ئۇ'نىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ، 'ئۇ'نى ھەممىلا يەردە ئۇچرىتىش مۇمكىن، ئەپسۇسكى، 'ئۇ'نى پالانى دەپ كۆرسىتىپ

بىرىش قىيىن“ دېگەن ئىدى. «دولان ياشلىرى» ھېكايىسىدىكى ئاساسىي پېرسوناژ ئوبرازلىرى خاراكتېر جەھەتتىن ئاشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭدىكى ھەر بىر پېرسوناژ تولۇق ئورتاقلىق بىلەن روشەن خاسلىققا ئىگە بولغاچقا، كىتابخانلاردا چوڭقۇر بەدىئىي زوق قوزغىيالايدۇ.

بەدىئىي ئەدەبىياتتا تىپ يارىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى پېرسوناژ خاراكتېرىنى تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئاساسەن ئىشەنچلىك سىزىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بىز بۇنى پېرسوناژلار خاراكتېرى ئۆتتۈقلۇق يارىتىلغان «دولان ياشلىرى» ھېكايىسىدىن يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

ھايات مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارغا تولغان بولغاچقا، رېيال تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھەر خىل ھادىسىلەر داۋاملىق سادىر بولۇپ تۇرىدۇ. ئاق كۆڭۈل، سەمىمى، جاسارەتلىك ۋە روھلۇق دېخان پالتاخۇن بىلەن ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى كەنجى ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان توقۇنۇش ئەلۋەتتە تاسادىپى ياساپ چىقىرىلغان بولماستىن، تۇرمۇشنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىدە بار بولغان نورمال ھادىسە. بۇ ئاتا ــ بالا ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ تۈگۈنى كەنجىنىڭ ئۆيلىنىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى لىن بياۋ ۋە ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ كەلتۈرۈپ چىقارغان تەتۈر قۇيۇنغا قانداق قاراشنى چۆرىدىگەن ھالدا دولانلىقلارنىڭ يېڭىچە كىشىلىك مۇناسىۋىتىدە شەكىللەنگەن ئوخشىمىغان ئىككى خىل ئىدىيە كۆرىشىدىن ئىبارەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھېكايىدىكى ئاساسىي توقۇنۇش كەنجى ئۈستىگە مەركەزلىشىدۇ. يازغۇچى كەنجىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا رېيال تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ پەزىلىتىدىكى نۇقسانلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن بايان قىلىدۇ. 15 ياشقا كىرگەن كەنجىنىڭ سادىق ئەمما نادان ۋۇجۇدىغا سىڭگەن لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ تەربىيىسى ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر قارا كۈچ پەيدا قىلغاچقا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئەجداتلىرىنىڭ گۈزەل مەدەنىيىتى سەت ۋە يىرگىنىشلىك كۆرۈنىدۇ، شۇ سەۋەپتىن، ئۇ ھەتتا مەتيا راۋاپىنىمۇ جەمىيەتنىڭ دۈشمىنى، "فېئودالىزمنىڭ قالدۇغى" دەپ قارايدۇ.

"مۇنداقمۇ بالا ئەمەس ئىدى، بىلىگىگە قىزىل تاقاپ، ئۇنىمۇ-بۇنىمۇ كونا دېگۈزۈپ، ئۇسۇل بىلەن ناخشىغا ئۆچ قىلىپ قويدى بالىنى". ئايىسخان ئانىنىڭ بۇ سۆزىدە كەنجىدىكى ئەيىپنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇ كەنجىنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرىنى ئېچىشتا زور رول ئوينايدۇ. دېمەك، ئىجتىمائىي شارائىت پېرسوناژ خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى بولغاچقا، كەنجىنىڭ بىر پۈتۈن خاراكتېرىمۇ ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان. ئىجتىمائىي شارائىتنىڭ جىددىي تەسىر كۆرسىتىشى ئاستىدا، كەنجى ئاخىرى ئۆزىدىكى نۇقسانىنى يېڭىپ، دولان ياشلىرىنىڭ قاتارىغا قوشۇلىدۇ. يازغۇچى كەنجىنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇ مۇرەككەپ زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا دادىللىق بىلەن

تۇرمۇش چىنلىقىغا ئاساسلانغاچقا، كەنجىنىڭ بىر پۈتۈن ئوبرازى كىتاپخانلار قەلبىدە يەنىلا سۆيۈملۈك ئوبراز بولۇپ قالىدۇ.

ئادەتتە رىيال ئادەملەردىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە كەمچىلىك، نۇقسانلار بولىدۇ. ئەدىبىي ئەسەردىكى باش قەھرىمانىمۇ جەمىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغاچقا، ئۇنىڭ بىر پۈتۈن خاراكتېرىدىكى قىسمەنلىك ھېساپلانغان بەزى نۇقسانلارنى مۇۋاپىق ئەكس ئەتتۇرۇشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەرگىز تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىگەنلىك بولماستىن، بەلكى شۇ قەھرىمانىنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ ئىشەنچلىك، تېخىمۇ قۇدرەتلىك قىلىپ يارىتىش ئۈچۈندۇر. ئىشەنچلىك بولمىغان ئوبراز كىشىلەردە بەدىئىي تەسىرات پەيدا قىلالمايدۇ. كەنجىنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا ئاپتور مۇشۇ ھەقىقەتكە ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئوبراز مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭدىن تەبىئىي يېقىنلىق ھىس قىلىدۇ. ئاپتور بۇ ھېكايىدە پېرسوناژلارنىڭ مۇكەممەل خاراكتېرىنى يارىتىشتا تۇرمۇش چىنلىقىغا ئاساسلىنىشتىن تاشقىرى، پېرسوناژ تىلىنىڭ چىن ۋە ساغلام بولۇشىغىمۇ زور ئەھمىيەت بەرگەن. تىل كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش قورالى. تىل بىزنىڭ ھەممە تەسىراتلىرىمىزنى، ھىس ـ تۇيغۇلىرىمىزنى، پىكىرلىرىمىزنى شەكىللەندۈرۈپ سالىدۇ. ئەدىبىياتنى تىل سەنئىتى دېيىشىمىزنىڭ ئاساسى ئەنە شۇ.

«دولان ياشلىرى» ناملىق بۇ ھېكايە تىلىنىڭ ئوبرازچانلىقى، ئېنىقلىقى، توغرىلىقى، پۇختا ھەم ئىخچاملىقى،

ئاممىباپـلىغى، ئاددى ئەمما مەزمۇندارلـىغى قاتارلىق بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

"شۇنداقلىغىڭدىن ساقلىنىڭ بىر باغ بىدىدەك بولغىچە ئۆزەڭ لايىـق تاپالـماي يۈرىـسەن. بىلەمـسەن، مېـنىڭ بايلىغىمـمۇ، خوشاللىغىممۇ ناخشا بىلەن ئۇسۇل. ناخشىسىز، ئۇسۇلسىز ئۆتكەن كۈنۈم سىرتماقتا تۇرغاندەك ئازاپلىق! سەن تېخى پۈتۈن دولانـلىقنى زىرىكتۈرگىنىڭنى ئاز دەپ مېنىـمۇ گۆرگە ئىتتىرمەكچىمۇ؟ مېنىڭ پۈشتۈمدىن تامغان بولساڭ، كونا ـ پونا دەيدىغان گەپلەرنى دولان دەرياسـىغا ئېقىتىۋەت! دولانلىقتەك ئادەم بول!" بىز بۇ يالقۇنلۇق سۆزلەردىن پالتاخۇننىڭ مەنىۋى ئېتىقادىدا شەكىللەنـگەن ئومۇمى خاراكتىرنى روشەن ھىس قىلالايمىز.

ئاپتور بۇ ھىكايىسىدە پېرسوناژ خاراكتىرىنى يارىتىشتا يالغۇز تىلنىڭ ئومۇملىغىغىلا ئەھمىـيەت بېرىـپ قالماسـتىن، تىلـنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىغىغىمۇ خېلى ئېتىۋار بىلەن قارىغان. پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ تىلىدىكى ئىندىۋىدۇئاللىقتىن ئايرىلمايـدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور بۇ ھىكايىسـىدە پالتاخۇن، ئايىسـخان قاتارلـىق پېرسوناژلارنىڭ تىـلىدىـكى ئىندىۋىـدۇئال خۇسۇسىيەتلەرنى يارقىـن ئىپادىلەپ بېرىـش بىلەن بىرلىكـتە، يەرلىك تىـل ئالاھىدىلىگىمۇ خېـلى كۆڭۈل بۆلـگەن. بۇ ھال ھىكايىنىڭ تۇرمۇش پۇرىغىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، ئۆزىـگە خاس مىللى ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان. ئاما ئارىسىدىـكى ئىپاـدىلەش كۈچىگە باي بولغان جانلىق سۆز جەۋھەرلىرىنى تاللاپ،

ئۇنىڭدىن ئورۇنلۇق پايدىلانغانچقا، بۇ ئەسەر ئوقۇغۇچىلاردا خېلى كۈچلۈك بەدىئىي زوق پەيدا قىلىدۇ.

يۇقۇرقىلارنى خۇلاسە قىلغاندا، بۇ ھېكايىنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيىتى پەقەت بىرلا نۇقتىغا، يەنى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ھېكايىچىلىغىمىزدا سادىر بولۇۋاتقان قېلىپۋازلىق، ئىسخېمىچىلىق خاھىشىغا خاتىمە بېرىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش رىياللىغىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىگىدىن ئىبارەت مۇشۇ تۈپ نۇقتىغا مەركەزلىشىدۇ. كەڭ كىتاپخانلار ئۇزۇندىن بېرى رىيال-لىقنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن مۇشۇنداق ھېكايىلەرنىڭ كۆپرەك مەيدانغا چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ئىدى. «دولان ياشلىرى» بۇنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشى بولدى. بۇ بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئەدەبىياتتا تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنىڭ ھالقىسى يەنىلا يازغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيى-تىنى پۇختا ئۆگىنىشى، ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە قېتىقىنىپ دىققەت قىلىشىدىن ئىبارەت. بۇ مەسىلە گەرچە ماركسىزمىلىق ئەدەبىيات نەزىرىيىسىدە ئىزچىل تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەت جەھەتتە تېخى تولۇق ھەل قىلىنغىنى يوق. ئىدىيە جەھەتتىن ئاڭلىق ھالدا بۇنىڭ مۇھىملىغىنى چوڭقۇر تونۇمىغاندا، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ماھىيەتلىك تېمىلارنى تاللىغىلى ۋە ئۇنى تۇرمۇشنىڭ تۈپ

قانۇنىيىتى بويىچە چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز يۇكسەك ئىنقىلاۋىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ھەقىقى ھالدا خەلقنىڭ كۈيچىسى بولۇپ، دەۋرىمىزنىڭ روھىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم، ئەلۋەتتە.

1980 ـ يىل.

# ئەدىبىي چىنلىق توغرىسىدا

بىر يولداشنىڭ «چىنلىق — ئەدىبىياتنىڭ جېنى» ناملىق ماقالام توغرىسىدا ماڭا يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان ئىدىم. خەتتە "ئەدىبىي چىنلىق دېگەن نېمە؟" دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەنمۇ ئەدىبىيات ساھەسىدىكى بىر ھەۋەسكار بولغىنىم ئۈچۈن، بۇ سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بېرەلىشىم ناتايىن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مەزكۇر خەتنىڭ جاۋاۋى تەرىقىسىدە، "ئەدىبىي چىنلىق دەپ نېمىگە ئېيتىمىز" دېگەن مەسىلە ئۈستىدىلا يۈزەكى تونۇشۇمنى كىتاپخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

ئەدىبىيات-سەنئەت چىنلىقى (تۆۋەندە قىسقارتىپ ئەدىبىي چىنلىق دەپ ئاتايمىز) مەسىلىسى ئۈستىدە ئۇزاقتىن بۇيان ئوخشاش بولمىغان كۆزقاراشلار مەۋجۇت. بىزگە مەلۇمكى، چىنلىق — ئەدىبىياتنىڭ جېنى. بۈيۈك سەنئەتكارلارنىڭ جاھانشۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈزلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە ئالدى بىلەن ھەقىقى ھالدا چىنلىققا سادىق بولغانلىقى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. ئەدىبىياتنى "تۇرمۇش ئەينىكى" دەپ تەرىپلەشمۇ ئۇنىڭ چىنلىقنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىملىقىدەك مۇشۇ تۈپ قانۇنىيەتكە ئاساسلانغان. چىنلىق — ئىنقىلاۋىي رېئالىزىمنىڭ ئاساسلىق

پىرىنسىپى، رېئالىزىملىق ئەدەبىياتنىڭ تۈپ بەلگىسى ۋە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئاساسلىق شەرتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پرولېتا- رىيات ئەدەبىياتى چىنلىقنى يېزىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە بۇ پىرىنسىپقا باشتىن-ئاخىر ئەمەل قىلىدۇ. ئەدەبىي چىنلىقنى چۈشىنىشتە هازىر ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل قاراش مەۋ- جۇت: بىرى، ئەدەبىي چىنلىق هادىسىلەرنىڭ چىنلىقىدىن ئىبارەت دېگەن قاراش؛ يەنە بىرى، ئەدەبىي چىنلىق ماهىيەت چىنلىقىدىن ئىبارەت دېگەن قاراش. بىزنىڭچە بۇ قاراشلارنىڭ هەر ئىككىسى ئەدەبىي چىنلىقنىڭ تۈپ تەلىۋىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ بېرەلمەيدۇ.

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر ئەدەبىي چىنلىق بىلەن هادىسە- لەرنىڭ (ۋەقەلەرنىڭ) چىنلىقى ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇپ، چىن (راست) ۋەقەلەرنى يېزىشلا ئەدەبىي چىنلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

دەرۋەقە، ئەدەبىيات تۇرمۇشنى مەنبە قىلىدۇ، ۋەقە، هادىسىلەرنىڭ چىنلىقى ئەدەبىي چىنلىقنىڭ ئاساسى، ئۇ ئوبيېك- تىپ مەۋجۇدىيەت بولۇپ، رېئالىزىملىق ئەدەبىياتنىڭ بىردىن- بىر مەنبەسى. ئۇ "ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى" دېگەن ماركسىزىملىق پەلسەپىۋى قاراشنى ئۆزىگە نەزىرىيىۋى ئاساس قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ نۇقتىدا ئەدەبىي چىنلىقنى هادىسىلەرنىڭ چىنلىقى دەپ ئىزاهلىغۇچىلارنىڭ هېچبىر خاتا- لىقى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئەدەبىياتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى

ۋە ئۇنىڭ تۇپ ئالاھىدىلىكلىرىنى چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلغاندا، بۇ قاراش ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئەدىبىياتنى ناتۇرالىزىم كېسىلىگە گىرىپتار قىلىدۇ، چۈنكى، خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي كۆرەش ئەمەلىيىتى ئەدىبىيات ـ سەنئەتنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس، بىردىن ـ بىر مەنبەسى بولسىمۇ، ئەدىبىيات تۇرمۇشتىن بىر بالداق ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئەدىبىياتتىكى تۇرمۇش، خۇددى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئادەتتىكى تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى بولىدۇ ۋە تېخىمۇ ئومۇمى خاراكتىر ئالغان بولىدۇ ھەم شۇنداق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. دېمەك، ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئەدىبىيات بولالمىغىنىدەك، ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ چىنلىغى ئەدىبىي چىنلىق بولالمايدۇ. بەدىئى ئىجادىيەتتە تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا ۋەقە، ھادىسىلەرنى ھەرگىز مېخانىك يوسۇندا تىزىپلا قويغىلى بولمايدۇ، بەلكى مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ ـ خىل ھادىسىلەر ئىچىدىن ماھىيەتلىك ۋەقەلەرنى تاللاش، تاۋلاش، مەركەزلەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تىپىكلەشتۈرۈش ئارقىلىق خۇددى ھەسەل ھەرىسى نۇرغۇنلىغان گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ شىرنىلىرىنى يىغىپ ئۇنىڭدىن ھەسەل چىقارغىنىغا ئوخشاش، ھادىسىلەر چىنلىغىنى ئەدىبىي چىنلىققا ئايلاندۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي كۆرىشىگە ئىلھام بېرىدۇ. لېنىن ئۆزىنىڭ «پەلسەپە خاتىرىلىرى» دىگەن ئەسىرىدە: "سەنئەت ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ رىياللىق ھىساپلىنىشىنى تەلەپ

قىلـمايدۇ" دەيدۇ. گوركىمۇ مۇشۇ مەنىـدە: "بەدىئى ئەدەبىيات ئايرىم دەلىـلگە بوي سۇنماسـتىن، ئايـرىم دەلىـلدىن ئۇسـتۈن تۇرىدۇ،... ئەدەبىي دەلىل بىرنەچچە تۈرلۈك دەلىلدىن ئېلىنىدۇ، ئۇ تىپىكلەشكەن بولىدۇ ۋە ھەقىقى رېئاللىقنىڭ تەكرارلىنىدىغان كۆپ ھادىسىلىرىنى بىر ھادىسە سۈپىتىدە توغرا ئەكىس ئەتـ تۈرگەن ۋاقىتـدىلا، پەقەت ئەنە شۇ ۋاقىـتتىلا ئەدەبىي دەلـىل چىن مەنىسـى بىلەن بەدىـئى ئەسەر بولـىدۇ①" دىگەن ئىدى. بۇ پىـكىرلەر ئەدەبىي چىنـلىق "ئىجتىمائى تۇرمۇشـقا نىسبەتەن شېـئىرىي مەنىگە باي بولغان تەھلىلدىن ئىبارەت" (بېلىـنىسكى) ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىر تەرەپلىمە ھالدا ھادىسىلەرنىڭ چىنلىقىنىلا تەكىتـلەش ئەدەبىياتتا ناتۇرالىزىمنى پەيدا قىلىدۇ. ناتۇرالىزىم كۆرۈنۈشتە رېئالىـققا "سادىق"تەك تۇرسىمۇ، لېكىن تۇرمۇش ھادىسـىلىرىنىڭ ماھىيـىتىگە چوڭقۇرلاپ كىـرەلمەي، پەقەت تۇرمۇشنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشنى ئىنكاس قىلىش بىلەنلا چەكلىـنىپ قالـىدۇ. ئۇ ئۆزىنى رېئالىزىم دەپ ھىـساپلىـسىمۇ، ئەمەلىـيەتتە، رېئالىزىمـلىق ئىـجادىيەت ئۇسۇلىنى چاكىـنىلاشـ تۇرىدۇ. ھادىسـىلەرنىڭ چىنلىـقىنىلا قوغلاشقاندا، ئەدەبـىيات ئۆزىنىڭ ئىجـتىمائى، تەربىـيىۋى ۋە ئېـستېتىكىـلىق رولـىنى ھەقىقى جارى قىلالمايدۇ-دە، تۇرمۇشنىڭ ئەينەن كۆپىيـىسىگە

① م. گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 25-بەت.

ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەمدى ئىككىنچى خىل قاراش يەنى ماھىيەت چىنلىقىنى ئەدەبىي چىنلىق دەپ ھېساپلايدىغان قاراش ئۈستىدە توختىلىمىز.

ماھىيەت چىنلىقى دېگىنىمىز مۇرەككەپ شەيئىلەرنىڭ تۆپ-ئاساسىي قانۇنىيىتىنى تېپىش، ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھى-يەتكە يېتىش دېمەكتۇر.

ئەدەبىياتتا مۇرەككەپ ۋە خىلمۇ-خىل ھادىسىلەرنى كونكرېت ۋە جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن مەقسەت شەيئىلەرنىڭ تۆپ ماھىيىتىنى كىشىلەرگە تونۇتۇشتۇر. لېكىن ئەدەبىيات بۇ مەقسەتكە پەقەت كونكرېت ئوبرازلارنىڭ جانلىق ھەركىتىنى ئىنچىكىلىك سۈرەتلەپ بېرىش ئارقىلىق يېتىدۇ، ئۇ تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە باشقا ئىجتىمائى ئىدېئولوگىيە فورمىلىرىغا ئوخشاش ئابىستىراكت ئۇقۇم، نەزەرىيە، ھۆكۈمگە تايانمايدۇ، بەلكى ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئابستىراكت ئۇقۇملارنى ھېس قىلغىلى بولىدىغان كونكرېتلىققا ئايلاندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلاردا روشەن بەدىئى زوق ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا ئەدەبىياتتىكى ماھىيەت چىنلىقى ئەمىلىيەتتە رېئال تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈلۈشى ۋە تىپىكلەشتۈ-رۈلۈشىدىن ئىبارەت بولغاچقا، يەككە-يېگانە ھالدا ماھىيەت چىنلىقىنى تەكىتلەش ياكى ئەدەبىي چىنلىقنى ماھىيەت چىنلىقى بىلەن باراۋەر قىلىپ قويۇش ئەدەبىياتنى قېلىپبازلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئەدەبىياتتىكى قېلىپبازلىق رېئال تۇرمۇشنى ئوبراز

ۋاستىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت ئەدەبىياتنىڭ بۇ تۈپ ئالاھىدىلىكىگە ئېتىۋارسىز قارايدۇ، ئەدەبىياتنى ئۇقۇملاشتۇرۇش كېسىلىگە گىرىپتار قىلىدۇ. لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە ئاتالمىش "ماھىيەت چىنلىقى" دىگەن نامنى سۈيى ئىستىمال قىلىپ، ئەدەبىياتتا كەچكىچە قۇرۇق شوئار توۋلاش، پو ئېتىش شامىلى پەيدا بولغان ئىدى، بۇنداق شوئارۋازلىق ئەدەبىياتىدا ھەقىقى ماھىيەت چىنلىقىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماھىيەت چىنلىقى ئەدەبىي چىنلىقنىڭ بىر تەرىپى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر پۈتۈن ئەدەبىي چىنلىقنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئەدەبىي چىنلىق دىگەن زادى نىمە؟

ئەدەبىي چىنلىق دىگىنىمىز ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ چىنلىقى بىلەن ماھىيەت چىنلىقىنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدىن ئىبارەت. خۇددى ھەرقانداق بىر ئوبراز ئوبېكتىپ بىلەن سۇبېكتىپنىڭ ئورگانىك بىرىكمىسى بولغىنىدەك، بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەردە ھادىسىلەرنىڭ چىنلىقى بىلەن ماھىيەت چىنلىقىنى يەككە ھالدا بىر بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئادەتتە دېڭىز سۈيى سىرتىدىن قارىماققا كۆل سۈيىدەك تىپ ـ تىنىچ تۇرىدۇ، بۇ كۆرۈنۈش ھادىسە چىنلىقى ھىساپلىنىدۇ، لېكىن دېڭىزنىڭ ئاستى ئۇنداق تىنىچ ئەمەس، تىنىمسىز ھەم دولقۇنلۇق بولىدۇ. بۇ دېڭىز سۈيىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى. لېكىن بۇ ئىككى ھال

پەقەت بىر گەۋدە بولغاندىلا، ئاندىن دېڭىزدىن ئىبارەت بۇ كونكرېت ئۇقۇم ھەقىقى گەۋدىلىنىدۇ.

دېمەك، ئەدىبىي چىنلىقنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى مۇشۇ مەنىدە چۈشەنگەندىلا، ناتۇرالىزىمدىنمۇ، قېلىپبازلىقتىنمۇ ساقلانغىلى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، ئەدىبىي ئەسەرلەردە تېپىك، يارقىن بەدىئى ئوبرازلارنى ياراتقىلى بولىدۇ.

1980 ـ يىل 11 ـ ئاي.

# مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ ئۆلمەس پىرامىدىسى

قەدىمقى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ئىپتىدائى ئىنسانلار ئىدىئولوگىيىسىنىڭ بەدىئىي ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ ئۇزاق سوزۇلۇچانلىقىغا ئىگە قىممەتلىك مىراس ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيادىكى كۆپلىگەن ئالىملار ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنىنى يۇكسەك باھالىدى.

بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مول ۋە گۈزەل ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى يازما خاتىرىلەر ئارقىلىق، بەزىلىرى ئاغزاكى تارقىلىش ئارقىلىق بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ۋاھالەنكى، خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائى ئىشلەپچىقىرىشى، ئەخلاقىي قاراشلىرى، ساددا پەلسەپىۋى چۈشەنچىلىرى، تارىخىي ئېتنوگرافىيىسى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان بۇ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى تېخى ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىن مەدەنىيەت غەزىنە-

مىز تېخىمۇ بېيىغۇسى.

* * *

ئەپسانە — ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائى جەمئىيەت ھەققىدىكى ساددا ئوي - پىكىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى، كىشىلەرنىڭ خىلمۇ - خىل رىيال زىددىيەتلەر توغرىسىدىكى خىياللىرىنىڭ كونكرېت ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى.

ئىپتىدائى جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرىمۇ ئاددىي ئىدى. ئىنسانلار ياشاش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تۈردە تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا مۇھتاج بولدى. نەتىجىدە تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن بولغان كۈرەش ئىپتىدائى جەمئىيەتتىكى تۈپ زىددىيەت بولۇپ شەكىللەندى.

ئىپتىدائى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي شارائىتىدا يۈز بېرىدىغان ھەر خىل تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى ئىنسانلاردا خېلى چوڭقۇر تەسىرات قوزغىسىمۇ، ئەمما ئىنسانلاردا تېخى تەبىئەتنىڭ سىرىنى بىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، تەبىئەتتىكى ھادىسە-لەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە كۆپ ئاجىز-لىق قىلاتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلارنىڭ غايىۋى دۇنياسىدا بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئاجايىپ بىر كۈچ مەۋجۇت ئىدى. بۇ كۈچ ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە بەدىئىي تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ كۈچنىڭ ئوبراز-

لىق ئىپادىسىنى كېيىنكى ئەۋلاتلار "ئەپسانە"دەپ ئاتىغان. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەپسانە بىر خىل بەدىئى شەكىل بولۇپ، تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان ئىپتىدائى تارىخىي دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ كوللىكتىپ تونۇشىدىن پەيدا بولغان.

قەدىمقى ئەپسانىلارنىڭ كۆپچىلىكى تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ تېخىمۇ ئوبرازلىق سېلىشتۇرمىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئارزۇسىغا ۋە ئىشەنچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. خۇددى ماركسنىڭ ئېيتقىنىدەك: "ھەرقانداق ئەپسانىدە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرى بوي سۇندۇرۇلىدۇ، تەبىئەت كۈچلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىنىدۇ، تەبىئەت كۈچلىرى ئوبرازلاشتۇرۇلىدۇ؛ شۇڭا، بۇ تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ ئەمىلىيەتتە ھۆكۈمرانلىق قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئەپسانىلەرمۇ يوقىلىدۇ.... ئەپسانىلاردا ئېيتىلغان زىددىيەتلەرنىڭ بىر بىرىگە ئۆزگىرىشى ئەسلا كونكرېت زىددىيەتلەر بىلەن يۈز بەرگەن رىيال ئۆزگىرىش ئەمەس، بەلكى ساددا ۋە خىيالىي ئۆزگىرىشلەردۇر. ھىساپسىز ۋە خىلمۇ-خىل زىددىيەتلەرنىڭ بىر بىرىگە ئۆزگىرىشلىرى بىلەن تەسىرلەنگەن كىشىلەرنىڭ سۇبېكتىپ خىيالىنىڭ سەمەرىسىدۇر."

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەپسانىلار ئىپتىدائى جەمىيەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئوبېكتىپ دۇنيا توغرىسىدا ھاسىل قىلغان تونۇشى ۋە

چۈشەنچىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ئاڭ فورمىسى. يەنى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ فانتازىيىلىك خىيالدا ئاڭسىز سەنئەت شەكلى ئارقىلىق قايتا ئىشلەنگەن تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي فورمىدۇر. ئەپسانىلاردا يارىتىلغان فانتازىيىلىك ئوبرازلار ئومۇمەن خىيالىي تەسەۋۋۇرنىڭ نەتىجىسى بولسىمۇ، بىز ئەپسانىلارنىڭ مەزمۇنىنى ئارخېئولوگىيە ۋە ئېتنوگراپىيە ئىلمىلىرى بويىچە مۇلاھىزە قىلساق، ئۇنىڭدىكى قىياسى ئوبرازلارنىڭ ئەينى تارىخىي دەۋرنىڭ ئوبيېكتىپ رېاللىقىنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدا لايدىن ئادەم ياسىغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى بۇنداق ئەپسانىلار ئىنتايىن بىمەنىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئۇلار چوڭقۇر رېاللىق ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، ئىپتىدائىي ئەمگەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ تەكرار ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ تۇپ ئالاھىدىلىكى ئانىلىق سىستېمىسىدىكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئاياللارنىڭ تەشكىللىگۈچى ۋە رەھبەرلىك قىلغۇچى ئاساسىي كۈچ بولغانلىقىدۇر. شۇڭلاشقا شۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىشى بولغان قورال-سايمان ياساش، تېرىقچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ساپالچىلىق، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش ۋە كۆندۈرۈش، ئوزۇق-تۈلۈك يىغىش ۋە ساقلاش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى

پۈتۈنلەي ئاياللار ئورۇنلايتتى. بولۇپمۇ ساپالچىلىق تېخنىكىسى ئاياللارنىڭ ئىجادىي مېھنىتىنىڭ نەتىجىسى بولغاچقا، قەدىمقى ئەپسانىلەر ئىچىدە ئايال ئىلاھلارنىڭ ئىجاتكارلىق روھى مەدھىيىلەنگەن ھېكايىلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋىبىنى ئەلۋەتتە ئاشۇ ئىپتىدائىي تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلىگەن. شۇنداق بولغاچقا ئىلىمىزنىڭ كىلاسسىك ئەپسانىسى "ئاسمان ئىلاھى نويۋا"دىكى ئايال ئىلاھ نويۋانىڭ لايدىن ئادەم ياسىغانلىقى، ئاسماننى تاش بىلەن يامىغانلىقى، كەلكۈن سۈيىنى قومۇش كۈلى بىلەن تىزگىنلىگەنلىكى قاتارلىقلارنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى بىر چوڭ مەبۇت بولۇپ قېلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس.

ئەپسانىلەردە كۆپرەك ھەر خىل "ئىلاھ"لارنىڭ ئوبرازلىرى يارىتىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بوي سۇندۇرۇشتىكى كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە غەيرىتى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، بۇنىڭ ھېچ-قانچە ئەجەپلىنەرلىك يېرى يوق. چۈنكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشىغان ئادەملەر سىرتقى مۇھىتنىڭ كۈچىگە بېقىنغان ھەمدە تەبىئەتنىڭ ئۇ خىل "كۈچى"نى چۈشىنەلمىگەن ۋە ئىگەللەپ كېتەلمىگەن، شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭغا نىسبەتەن ۋەھىمە پەيدا بولغان. ئەنە شۇ ۋەھىمىدىن ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ئىلاھ ھاسىل بولغان. "ئىلاھ" بىر خىل ئاڭ فورمىسى بولۇپ، ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەرنى بېقىندۇرىدىغان سىرتقى كۈچنىڭ ئىنسانلار مېڭىسىدىكى خىيالىي ئىنكاسى. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ساددا

ھىسسىياتىدا، ئۇ ئابستراكىت چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ھەممىگە قادىر ۋە قابىل بولغان كونكىرىت ئوبراز ھىساپلىناتتى. ئىنسانلار تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈمىدىنى شۇ سەۋەپتىن ئەنە شۇنداق "ئىلاھ"لارغا بېغىشلىدى ۋە ئۆز غايىسىنى شۇ "ئىلاھ" نىڭ كۈچى بىلەن رىياللىقتا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى. بۇ يەردىكى "ئىلاھ" ئىپتىدائى ئەمگەك نەتىجىسىنىڭ بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئەمگەك قورالىغا ئىگە بولغان ئىنتايىن رىيال شەخسلەردۇر. شۇڭلاشقا قەدىمقى ئەپسانىلاردىكى "ئىلاھ" سىنىپىي جەمىيەتتىكى ئىدىئولوگىيە تۈسىنى ئالغان "ئادەملەر ئۈچۈن يارىتىلغان دىن" بىلەن پەرقلىق بولغاچقا، ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشىنىڭ تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، مۇجمەللىكتىن ئېنىقلىققا، فانتازىيىدىن ئىلمىلىككە قاراپ يۈزلىنىشى ئومۇمى قانۇنىيەت. شۇ سەۋەپتىن، جەمىيەت تەرەققىيات تارىخىغا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ ئىدىئولوگىيە ھالەتلىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققى قىلىدۇ. بۇ تەرەققىيات، مۇقەررەركى، ئىنسانلارنى ئىلىم-پەن يولىغا باشلايدۇ. نەتىجىدە پەننىڭ كۈچىگە تايىنىپ تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ رىياللىقتا ئايلىنىشى ئارقىسىدا، ئەپسانىلەر يوقىلىدۇ.

قەدىمقى ئەپسانىلەرنىڭ تېماتىك مەزمۇنى كەڭ ۋە ھەر تەرەپلىمە بولۇپ، يىغىنچاقلىغاندا مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىغا

مەركەزلىشىدۇ:

بىرىنچى خىلى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەپسانىلەر بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلق ئەپسانىلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېساپلىنىدۇ. بۇنداق ئەپسانىلەردە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر خىل مۆجىزىلىك ئۆزگىرىشلەر، كۈن، ئاي، يۇلتۇز، بوران-چاپقۇن، يەل-يېغىن، كەلكۈن، يەر تەۋرەش، قۇرغاقچىلىق...قاتارلىق تەبىئىي ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش ۋە ئۆزگىرىش سەۋەپلىرى ئىلاھىلاشقان روھ ياكى يېرىم ئادەم، يېرىم روھتىن ئىبارەت كونكىرىت ئوبرازلارغا باغلاپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇنداق چۈشەندۈرۈش ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بىز مەشھۇر ئۇيغۇر خەلق داستانى «ئوغۇزنامە» دىكى مۇنۇ پارچىنى كۆرۈپ باقايلى:

"...كۈنلەردىن بىر كۈن ئوغۇزخاقان تەڭرىگە سىغىنىۋاتاتتى، ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ ئاسماندىن بىر كۆك نۇر چۈشتى. بۇ نۇر كۈندىن يورۇق، ئايدىن نۇرلۇق ئىدى. ئوغۇزخاقان ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىز بارلىقىنى كۆردى. ئۇ قىز يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدا ئاتەشتەك نۇرلۇق بىر مېڭى بولۇپ، قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى. بۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، ئۇ كۈلسە كۆك ئاسمان قوشۇلۇپ كۈلەتتى، ئۇ يىغلىسا كۆك ئاسمان

بىللە يىغلايتتى. ئوغۇزخاقان ئۇ قىزنى كۆردى-دە، ئەس-ھۇشىنى يوقاتتى ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. بۇ قىزنى ئالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ ئارمانغا يەتتى".

بۇنىڭدىن باشقا «چاشتانى ئىلىگ بەگ» داستانى ھەمدە ئەبۇلغازىنىڭ داڭلىق ئەسىرى «شەجەرەئى تۈرك»تىمۇ مۇشۇ مەزمۇندىكى كۆپلىگەن ئەپسانىلارنى ئۇچرىتىمىز.

ئىككىنچى خىلى قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ دىنىي ئېتىقاتلىرى ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەپسانىلەر. ئومۇملىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەپسانىلەر ئىپتىدائى دىنىي ئېتىقات بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىلگەن ئوبيېكتىپ زىددىيەتلەر ئىنسانلارنىڭ سۇبيېكتىپ خىيالى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. شۇ سەۋەپتىن قەدىمقى ئەپسانىلارنىڭ خېلى كۆپچىلىگى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ شۇ تارىخىي مەزگىلدىكى ئېتىقادى بىلەن ئىدىيىۋى ئىشەنچلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

"...شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇزخاقان چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى، نۆۋكەرلىرىنى، خەلقنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە كېڭەشتى... ئوغۇزخاقان بۇيۇك ئوردىدا...ئوڭ تەرەپكە قىرىق غۇلاچ دەرەخ تىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىغا بىر كۈمۈش توخۇ قويدى، تۈۋىگە بىر قارا قوي باغلىدى. ئوڭ تەرەپتە بۇزۇقلار① ئولتۇردى، سول تەرەپتە ئۇچۇقلار② ئولتۇردى، ئۇلار قىرىق كېچە-

①② "بۇزۇق" ۋە "ئۇچۇق" — ئەسلىدە "بۇز+ماق" ۋە

كۆندۈز يەپ-ئىچىشتى ۋە سۆيۈنۈشتى".

بۇ ئەپسانىدا بايان قىلىنغان مىللى ئادەتلەر ئەسلىدە شامانىزىم ئېتىقادىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ شامان دىنىغا بەيئەت قىلغان قەدىمقى دەۋرلەردىكى مىللى ئۆرپ-ئادىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئارخېئولوگ ۋە ئىنسانشۇناسلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، نەچچە ئون مىڭ يىل بۇرۇنلا ئىپتىدائى دىن بار بولۇپ، ئۇ تەبىئەتكە ۋە تۇتېمگە① چوقۇنۇشتۇر. مەسىلەن، خەنزۇلارنىڭ شىيا ئۇرۇغىدىكىلەر ئەجدىھانى، شاڭ ئۇرۇغىدىكىلەر قارا قۇشنى، ھىندىلار كالىنى، تۈركى خەلقلەر بۆرىنى... تۇتېم قىلاتتى. بۇنداق تۇتېمنىڭ كۆپىنچىسى ئىپتىدائى دەۋردىكى ئۇۋچىلىق ئەمگىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

تۈركى تىلدا سۆزلەشكۈچىلەرنىڭ بۆرىنى تۇتېم قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانە «شەجەرەئى تۈرك»تە تولۇق بايان

---

"ئۇچ+ئوق" سۆزلىرىدىن ياسالغان بولۇپ، بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، ئوغۇز قەبىلىسى ئەنە شۇنداق ئىككى تائىپىگە بۆلۈنىدىكەن.

① تۇتېمىزىم ياكى تۇتېمنىڭ لۇغەت مەنىسى "ئۇرۇغ" دېگەنلىك بولىدۇ. ئىنسانلار ئىپتىدائى جەمئىيەتتە بىرەر ھايۋان، ئۇچار قۇش ياكى دەرەخنى نەسىل، ئۇرۇغ ياكى قان سىستېمىسىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەلگىسى قىلغان. مانا مۇشۇنداق چوقۇنىدىغان نىشان ياكى بەلگە "تۇتېم" دەپ ئاتالغان.

قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىي يىلنامىسى ئېنىق ئەمەس. پەرەز قىلىشىمىزچە، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 ـ 4 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا جىلغىلىرىدا ھونلار بىلەن شىمالىي قەبىلىلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئۇرۇش جەريانىدا پەيدا بولغان بولسا كېرەك. بۆرىنى توتېم قىلىش ئېتىقادى ھازىرغىچە خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە: يېزا ـ قىشلاقلاردا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى ئۇلۇغلاپ بوينىغا ياكى ياتقان بۆشۈكىگە بۆرىنىڭ ئوشۇغىنى ئېسىپ قويۇش، يول يۈرگەندە (ئۇزاق سەپەرگە چىققاندا) بۆرە سۆڭىكىنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىش... قاتارلىقلار ئەشۇ ئەدىيىۋى ئىشەنچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۈچىنچى خىلى قەدىمقى دەۋردىكى باتۇرلار ۋە قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەپسانىلەر بولۇپ، بۇلاردىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، بۇنداق ئەپسانىلەر ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى ئەھمىيىتى جەھەتتىن مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بۇ خىل ئەپسانىلەردە قەدىمقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇغى، قەيسەرلىگى، ۋاپادارلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ھىكايىلەرنىڭ ئەپسانىلىق خاراكتېرى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلار قەدىمقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارزۇسى ۋە غايىسىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە يۈكسەك دەرىجىدە ئىلاھىلاشتۇرۇلغان، تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە روھىي قەھرىمانلاردۇر. «چاشتانى ئىلىگ بەگ» داستانىدا "قاپ ـ قارا

ۋە ناھايىتى زور تاغدەك ئىگىز گەۋدىلىرىنى چىقىرىپ، ئوت رەڭلىك چاچلىرىنى مۈرىلىرىگە چۈشۈرۈپ، زەھەرلىك يىلانلار بىلەن گەۋدىلىرىنى بىزەپ، ئادەملەرنىڭ گۆشىنى يەپ، قېنىنى ئىچىپ، ئۆچەيلىرىنى بەدەنلىرىگە يۆگىۋالغان" قورقۇنچلۇق جىنلارغا قارشى باتۇر چاشتانى ئىلىگ ئوت يالقۇنىدەك ئۆتكۈر قىلىچىنى كۆتەرگىنىچە جەڭگە ئاتلىنىپ، بۇ ياۋۇز مەخلۇقلارنى پارە-پارە قىلىپ تاشلىغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانە، دۇنخۇاڭ ۋە كۇچار مىڭ ئۆيلىرىگە ئويۇلغان گۈزەل تەسۋىرى سۈرەتلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن باتۇر بوتىساۋالارنىڭ ئوبرازلىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇنداق ئەپسانىلەر ئىنسانلارنىڭ جەمىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائى جەمىيەتكە قەدەم قويغانلىقىنىڭ دەسلەپكى بەلگىسى ھىساپلىنىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئەپسانىلەردە گەرچە خىيالىي نەرسىلەر ھىكايە قىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خۇراپاتلىقتىن پەرقى بولىدۇ. چۈنكى ئەپسانىلەردە ئىنسانلارنىڭ ئاكتىپ خىياللىرى ۋە گۈزەل غايىسى ئەكس ئېتىپ، تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. ئومۇمەن ئەپسانىلەر ئىپتىدائى جەمىيەتنىڭ بىر خىل ئىدىئولوگىيىلىك فورمىسى بولۇپ، قەدىمقى كىشىلەرنىڭ سەنئەت ئارزۇلىرىنى ھەققىي سۈرەتلەپ بېرىدۇ، ئۇ ئوبراز كۈچى ۋە قويۇق مىللىي ھىسسىياتقا ئىگە

بولۇپ، رىيال تۇرمۇشنىڭ قەدىمقى ئىنسانلار مىڭ-سىدىكى بىر خىل ئەگرى-بۈگرى يوللار بىلەن ئەكس ئېتىشىدۇر.

رىۋايەتلەرگە كەلسەك، ئۇ ئەمگەكچى خەلق تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان بەلگىلىك تارىخىي پىرسوناژلار، تارىخىي ۋەقەلەر، يەر-جايلار ھەمدە تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەردۇر. رىۋايەتلەر تۈپ خۇسۇسىيەت جەھەتتىن تارىخىي پاكىتلارغا تايانسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىر خىل سەنئەت ئىجادىيىتى ھېسابلانغاچقا، داۋاملىق ھالدا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي كۆزقارىشىنى ۋە سەنئەت ئارزۇسىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئەسلى مەنىسىدىن خېلى دەرىجىدە يىراقلاشقان بولىدۇ. چۈنكى "سەنئەت خىياللار بىلەن ياشايدۇ، پەن خىياللارنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ."①

ئادەتتە ئەپسانە بىلەن رىۋايەتنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئايرىۋېلىش قىيىنراق. ئۇلارنىڭ تۈپ پەرقى شۇكى، ئەپسانىدە خىيالىي توقۇلما ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، رىۋايەت بولسا ئاسەن تارىخىي رىياللىقنى ئۆزىگە تېما قىلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەپسانىلەر تەرەققىي قىلىپ تەدرىجىي ھالدا كىشىلىك خاراكتېرىغا يېقىنلىشىش ئاساسىدا رىۋايەتلەر بارلىققا كېلىدۇ. رىۋايەتلەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ سىنىپىي جەمىيەتكە قەدەم قويغانلىقىنىڭ مەھسۇلى

---

① ماكسىم گوركى: «ئەدەبىيات توغرىسىدا».

دىيىش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن رىۋايەتلەردە ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، مىللى ئۆرپ ـ ئادەت ئالاھىدىلىكى، پىسخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى... قاتارلىقلار بىرقەدەر ئېنىق ئەكىس ئەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ تېماتىك مەزمۇنى ئەپسانىگە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى ئىچىدە تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە ھايات سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان رىۋايەتلەر ئاساسلىق ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بۇنىداق رىۋايەتلەر بىۋاستە كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە تۇرمۇشلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ، بەلگىلىك قەھرىمانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئىجادىي ئەمگىكىنى مەدھىيىلەيدۇ. مەسىلەن، ئەڭ قەدىمقى تومارىس رىۋايىتى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخىدا چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ. تومارىس ھەققىدىكى رىۋايەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە قەھرىمانلىق غايىسى تارىخىي ۋەقەلەر ئارقىلىق ئەكىس ئەتتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردە بىرنەچچە ئەلنى بېسىۋېلىپ، شۇ ئەللەردىكى خەلقنىڭ بېشىغا بالايى ـ ئاپەت كەلتۈرگەن زالىم كەيخىسراۋ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 552 ـ يىلدىن 486 ـ يىلغىچە ئىراندا شاھ بولغان) بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ماساگىتلارنىڭ[1] پادىشاسى تومارىس ئوتتۇرىسىدىكى

---

[1] ماساگىت ـــ كاسپى دېڭىزىدىن ھىنەيدر قۇش ھەم تىيانشانغىچە كەڭ دائىرىنى ئىگەللىگەن، قەدىمقى گرېك تارىخىدا ئىسكىپلار دەپ ئاتالغان قەدىمى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ بىرى.

جەڭ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ رىۋايەت بەلگىلىك دەرىجىدە ئىدىئال-لاشتۇرۇلغانلىقىغا قارىماي، تارىختىكى رىيال شەخس ۋە ۋەقە-لەرنى بەدىئى يول بىلەن ئەكس ئەتتۇرىدۇ.
هون دەۋرىگە تەئەللۇق بولغان بۆكۆخان توغرىسىدىكى رىۋايەتمۇ تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى ئەھمىيەتلىك رىۋا-يەتلەرنىڭ بىرى. بۇ رىۋايەت فانتازىيىلىك خاراكتېرغا ئىگە بولۇپ، قەھرىمانلىرى ئىلاھىلاشتۇرۇلغان بولۇشىغا قارىماي، شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەڭگىۋار تارىخىدىن بىر دەۋرنى بەدىئى ئوبرازلار بىلەن چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرىدۇ. بۆكۆخان تارىختا ئۆتكەن رىيال شەخس. مىلادى 647-يىلىدىن 841-يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن ئورخون ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە بۆكۆخان ئىسىملىك بىر خان ئۆتكەنلىكىنى تارىخ قەيت قىلىدۇ. ئۇ ئورخون ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇدرەتلىك دەۋرىدىكى خاقانلىرى-نىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ، خاقان مويۇنچور (747—759-يىللىرى) نىڭ كىچىك ئوغلى هىساپلىنىدۇ. بۆكۆخاننىڭ ئەسلى ئىسمى ئىدىقۇت بولۇپ، مويۇنچور ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن خاقان بولغان (760-يىلدىن 780-يىلغىچە). بۇ رىۋايەت ئۆز دەۋرى-نىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل ئەدەبىي يادىكارلىقى بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى، تارىخى، ئەدەبىياتى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك هۆججەتتۇر.
يۇقۇرقىلاردىن باشقا، «شاھنامە»، «شەجەرەئى تۈرك»، «تارىخىي رەشىدى»، «قاموسۇلئەلەم» قاتارلىق تارىخىي ئەسەر-

لەرگە خەلقىمىز بىسىپ ئۆتكەن ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر ۋە قەھرىمانلار ھەققىدە كۆپ-لىگەن رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇنداق رىۋايەتلەردە يارىتىل-غان قەھرىمان ئوبرازلار "ھەممە دەۋر ئۈچۈن ئورتاق" بولغان "ئۆلمەس تىپ"لار قاتارىدا خەلق ئارىسىدا ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر رىۋايەتلىرى ئىچىدە تارىخىي شەخسلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەردىن قالسا، يەر-زىمىن ۋە ئۇنىڭ-دىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزىگە خاس شەكىللەر بىلەن بايان قىلى-دىغان رىۋايەتلەر كۆپ. بۇنداق رىۋايەتلەر ئارقىلىق تەبىئەت ئالىمىدىكى تاغۇ-دەريالار ۋە يەر-جايلار نامىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ گېئوگرافىك ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەن-چىگە ئىگە بولىمىز. تەكلىماكان توغرىسىدىكى مۇنۇ رىۋايەتنى كۆرۈپ باقايلى: "...شەھىرى كېتىك① قۇم ئاستىدا قالغاندىن كېيىن، قۇم ئاپىتىدىن ئامان قالغان خالايىق ئايكۆل ۋە كوسەندە② كۆن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەردەۋىلدە③ قۇرغاقچىلىق بالاسى يۈز بەردى. ئاچارچىلىق ئازاۋى جانغا سانچىلدى. كوسەن خەلقى توپلىنىپ ئەردەۋىلگا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردىكى خالايىق بىللە سۇ بوغۇزىغا

---

① شەھىرى كېتىك — تەكلىماكان ئىچىدىكى قەدىمقى بىر شەھەر.
② كوسەن — كۇچار.
③ ئەردەۋىل — ئاقسۇ.

كەلدى. قارىغىدەك بولسا دەريا سۈيى ناھايىتى ئاستىن چۈشۈپتۇ، شەھەرگە سۇ چىقىرىشنىڭ ئېھتىمالى يىراق. ئاخىرى ھەممە خالايىق تاش ـ تۇپراق توپلاپ دەرياغا تاشلاشقا باشلىدى. ئىككى تاغنىڭ ئارىسى سۇغا لىق تولدى. دەريا بۆلىنىپ سۇ ئەردەۋىل تەرەپكە ئاقتى. سۇنىڭ مەۋجىدە بىر موللا بىلەن بىر موغۇل ئېقىپ كەتتى. خەلقنىڭ پىشۋاسى خالايىققا قاراپ : 'موللىنى تۇتۇۋېلىڭلار، موغۇل ئاقسۇن' دېدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر "ئاقسۇن" دەپ ئاتالدى. كېيىن ئاستا ـ ئاستا" ئاقسۇ دەپ ئاتىلىپ قالدى.①

بۇنىڭدىن باشقا، خەلق ئارىسىدا، تەكلىماكاننىڭ سىرى، لوپنۇر كۆلىنىڭ خاسىيىتى، تەڭرى تاغلىرى، تيەنچى كۆلىنىڭ پەيدا بولۇشى...قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بولۇپ، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

ئومۇمەن، رىۋايەتلەر مەلۇم جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئوبرازلىق ئەكس ئېتىشى بولۇپ، ئۇ خېلى كۆپ تەرەپلەردە رومانتىك تۈس ئالغان بولۇشىغا قارىماي، كىشىلەردە شۇ تارىخي ۋەقە توغرىلىق مەلۇم چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ، ھەتتا تارىخي تەزكىـ

---

① بۇ پارچە موللا مۇھەممەت تۆمۈر قارىقاشى تەرىپىدىن 150 يىل بۇرۇن يېزىلغان. «تەزكىرە تۇلۇرىشات» ناملىق ئەسەردىن ئېلىندى.

رىلەردە زىكرى قىلىنمىغان ياكى ئوردا تارىخچىلىرى تەرىپىدىن خاراكتېرى بۇرمىلانغان تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەرمۇ خەلق-نىڭ ئاغزىدا رىۋايەت شەكلىدە ساقلىنىپ قالغاچقا، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق كىلاسسىك ئەسىرىدە "ئىنسانىيەتنىڭ شۇنداق ئۇزاق تارىخنى، تەرەققىيات جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئۇنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن رىۋايەتنىڭ ئىنتايىن مول تارىخىي ماتېرىيال بەرگەن" لىگىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

لېكىن خەلق ئەدەبىياتىنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاش، رىۋايەتلەردە بايان قىلىنغان تارىخىي ۋەقەلەر شۇ تارىخىي جەر-يانىنى مۇلاھىزە قىلىشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇكى، ھەرگىز تارىخنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. چۈنكى رىۋايەتلەرنىڭ سيۇژېتى تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تارىخ چىنلىقى بىلەن فانتازىيە ئۆزئارا بىر بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىدىن قارىغاندا، ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: "پۈتۈن گرېتسىيە رىۋايەتلىرى ئۇنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدە بولغان قەدىمقىلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان چوقۇنۇشنىڭ تەرەققىياتىدىن كېلىپ چىققان." ئۇيغۇر رىۋا-يەتلىرى ھەققىدىمۇ خۇددى شۇنداق دەپ ئېيتىش مۇمكىن. شۇ سەۋەپتىن ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ مەھسۇلى بولغان رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنى ھەر خىل مۇرەككەپلىكلەردىن خالى بولالمايدۇ.

* * *

ئەپسانە ـ رىۋايەتـلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى ئىدىـيىسىنى چۈشىنىش ئەلۋەتتە مۇرەككەپ ئىش. چۈنكى ئەپسانە ـ رىۋايەتـلەر ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇرىنىڭ مەھـسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىجتىـمائىي پەلـسەپىۋى پىكىر ئېنىقمىلىرىمۇ ھەر خىل. بەزىلەر قەدىمقى ئەپسانە ۋە رىۋاـيەتلەردە ئالغا سۈرۈلگەن ئىپتىدائىي ئىلاھىـيەتچىلـىككە قاراپ، ئۇنى قارا ـ قويۇقلا ئىدىيالىستىك پەلسەپىۋى قاراشنىڭ ئىنكاسى دەپ قارىشىـدۇ. دەرۋەقە، قەدىـمقى ئەپـسانە ـ رىـۋايەتلەردە مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان، ھەممىگە قادىر ۋە قابىـل "خۇدا"لار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ خۇدالار" ئەمىلىيەتتە تەبىئەت كۈچىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەبىئى ماھىللىغى ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، كېيىنچە ئىجتىمائىي ھاياتـنىڭ تەرەققىـياتىغا ئەگىشـىپ قويۇق ئىجتىـمائىي تۈس ئالغان. مۇنداقـچە ئېيتقانـدا، بۇ "خـۇدا"لار ياكى ئىدىئاللاشقان قەھرىمانلار "خۇدا" بىلەن ئىنساندىن تۇغۇلـغان يېرىم ئىنسان، يېرىم خۇدادۇر. شۇڭا ئەپسانە رىۋايەتلەرـدىكى "ئىـلاھ" ياكى "ئىلاھى كۈچ" ئەجداتلىرىـمىزنىڭ ساددا تەسەۋۋۇرىدا ھەرگىز ئابستىراكىت، مەۋھۇم چۈشەنچە بولماستىن، بەلكى ئىنـسانلارنىڭ ئوبيېـكتىپ دۇنيا ھەققىـدىكى بىلىشـنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنيادا يارىتىلغان ئوبرازىدىن ئىبارەت. ئۇ مۇئەييەن تارىخىي دەۋردە بارلـىققا كەلـگەن بولۇپ، ئىنـسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى پىكىر قىلىش شەكلى شۇنداقلا شۇ چاغدىكى تارىـخىي

رىياللىقنىڭ كىشلەر مىڭىسىدىكى ئالاھىدە ۋە ئوبرازلاشقان ئىنكاسى بولغاچقا، جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا پەيدا بولغان بىردىن-بىر "دىنىي ھەقىقەتچىلىك" ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدىيالىستىك پەلسەپىۋى ئېقىمىدىن روشەن پەرق قىلىدۇ.

ھەقىقەتەن قەدىمقى ئەپسانە-رىۋايەتلەردە گەۋدىلەنگەن دىنىي كۆزقاراشلار ئۇنىڭ سىرتقى چاپىنى بولۇپ، ئەينى زاماندىكى دىنىي ئىدىئولوگىيە ئېقىملىرىدىكى غەيرى دىنى مېغىزلارنىڭ سالمىغى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. خۇددى شامانىزىم دەۋرىدە پەيدا بولغان ئەپسانە-رىۋايەتلەردە شامان ئېتىقادى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كېيىنكى زەردەش (ئاتەشپەرەسلىك)، مانى، بۇددا ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلامىيىتى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە پەيدا بولغان ئەپسانە-رىۋايەتلەرمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ دىنىي ئىدىئولوگىيىلىك قاراشلىرىدىن مۇستەسنا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. گەرچە بۇ كۆپ خىل دىنىي ئېتىقاتلار ئۆزىنىڭ تۈپ ماھىيىتى بىلەن ئىدىيالىستىك ۋە مېتافىزىك نۇقتىئىنەزەرلەردىن ئىبارەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئۆز دەۋرى شارائىتىدا ماتېرىيالىستىك ۋە دىيالېكتىك تۈس ئالغان مەرىپەتپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئاز بولمىغان ئامىللارنىڭ بار ئىكەنلىكىگىمۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. "ئىككى تىگىن رىۋايىتى"دىكى ئاقكۆڭۈل تىگىننىڭ ئىجتىمائى دۇنيانىڭ مۆجىزىلىرى ھەققىدىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرى ۋە پەلسەپىۋى قارىشىنى كەم دىگەندە ئوبيېكتىپ ئېتىقاتچىلىقنىڭ

ئىپادىسى دىيىشلا مۇمكىن. خەلقىمىزنىڭ بۆرە توغرىسىدىكى "تۇتېم ئەپسانىسى"نىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىمۇ ئوبيېكتىپ ئىدىيا-لىزىمدىن ئىبارەت. قەدىمقى ئەپسانە-رىۋايەتلەردە ئالغا سۈرۈلگەن بۇنداق ئوبيېكتىپ ئىدىيالىستىك پەلسەپىۋى ئېقىمغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا توغرا كېلى-دۇ. ئوغۇز رىۋايەتلىرىدىكى باش قەھرىمان ئوغۇزخاقاننىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ھەققىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرى ۋە ئۆز ئەتراپى-نى ئوراپ تۇرغان شەيئىلەرگە بولغان قاراشلىرىدا ماددىنى بىرلەمچى ئورۇنغا قويىدىغان بىرمۇنچە ئامىللار ئۇچرايدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنىڭ بىخلىرىنى داۋاملىق تۈردە مۇپەسسەل مۇلاھىزە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى پەلسە-پىنى ئىككى لاگېرغا بۆلگەندە، ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنىڭ ئاساسى ماددىنى دۇنيانىڭ مەنبەسى دەپ چۈشىنىش بىلەن، ئىدىيالىستىك پەلسەپىنىڭ ئاساسى روھنى دۇنيانىڭ مەنبەسى دەپ چۈشىنىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئوغۇز رىۋايەتلىرىدىكى ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلىرى ئەلۋەتتە ئىدىيالىزىم ئەنئەنىسىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىمۇ يەنە ئوغۇزخاقاننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تاشقى كۈچتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ رىياللىق خىيالىي ۋاستە ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

دېمەك، قەدىمقى ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدى-يىسىنى مۇھاكىمە قىلغان چاغدا، ئۇنى ئىنسانىيەت سىنىپىي

جەمىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى سىنىپىي ۋە سىياسى كۈچلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن دىن ۋە ئىدىيالىزىمنىڭ ئورتاق نەزىرىيىۋى پىرىنسىپلىرىدىن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق قىلماسلىق تارىخىي ماتېرىيالىزىمنىڭ ئەقەللى پىرىنسىپلىرىدىن چەتنەپ كەتكەنلىك بولىدۇدە، نەتىجىدە ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىڭ تارىخىي ۋە ئېستېتىكىلىق رولى بىلەن ئىدىيىۋى پەلسەپىۋى رولى ئوتتۇرىسىدا زىتلىق پەيدا بولۇپ، ئەھمىيەتسىز، چاكىنا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەپسانە-رىۋايەتلەر توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئىدىيىۋى، تارىخىي، بەدىئىي، ئەخلاقى ۋە پەلسەپىۋى نۇقتىلىرىنى بىر بىرىدىن ئايرىۋەتمەسلىك لازىم.

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەدىمقى خەلق ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي بەدىئىي دىتى سۈپىتىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلغان جانلىق شاھىدى بولۇپ، بىز ئۇنىڭ مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ ئۆلمەس پىرامىدىسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي ئېقىمىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

1981 - يىل 1 - ئاي.

# ئوغۇزخان ۋە «ئوغۇزنامـە» ئېپـوسى توغرىسىدا يېڭى مۇلاھىزىلەر

ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تارىخىدا ياراتقان پارلاق ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئەدەبىيات غەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئاشۇ تۆھپىلەر ئىچىدە «ئوغۇزنامە» ئۆزىنىڭ قەدىمىلىكى، تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ موللىقى، ئىستېتىك پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇغى، بەدىئى ئوبرازلىرىنىڭ جانلىق ۋە كونكرېتلىقى، تىلىنىڭ روشەنلىكى ۋە ئوبرازچانلىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

تارىخىي ئېپوس «ئوغۇزنامە»نىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمقى ۋە قىممەتلىك نۇسخىسى 13 ـ ئەسىردىكى ئىلخانىلار[1] دەۋرىدە بۇددىس ئۇيغۇر كاتىپلىرى تەرىپىدىن تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى نۇسخىسىدۇر. فرانسىيىلىك تۈركشۇناس پېللىئوت تەرىپىدىن تېپىلغان بۇ قوليازما ھازىر پارىژ مىللەتلەر كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

---

[1] ئىلخانىيە ــ مىلادى 1251 ــ 1351 ـ يىللاردا ئىراندا ھۆكۈم سۈرگەن تۈركلەشكەن موڭغۇل ئىمپېراتورى.

ئوغۇزخان ھەققىدىكى بۇ قىسسە تارىخىي رىۋايەتلەر سۈپىتىدە ئوخشىمىغان ۋارىيانتلىق بايانلار بىلەن نۇرغۇن تارىخىي كىتاپلار-دا يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىرغىچە 1669-يىلى ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىكى خىۋە خانى ۋە تارىخچىسىنىڭ بايانى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئوغۇز ھىكايىلىرى 14-ئەسىردىكى پېرسىيىلىك تارىخشۇناس رەشىدىددىننىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» («ئومۇمى تارىخ»)، 15-ئەسىردىكى بەلخلىق تارىخچى خاۋەن شاھ مىرخوندنىڭ «رەۋز، تۇسسەفا»، 16-ئەسىردىكى تارىخشۇناس مىرزا مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدىيە» (1541—1551-يىللىرى يېزىلغان) قاتارلىق ئەسەرلىرىدىمۇ خاتىرىلەنگەن. لېكىن ھىكايىنىڭ ۋەقەلىگى بىرقەدەر ئاددى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، تىل تەسۋىرى ۋە ئۇسلۇپ جەھەتتە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى پىللىئوت نۇسخىسىدىن كۆپ كېيىن خاتىرىلەنگەنلىگى بىلەن پەرقلىنىدۇ. گەرچە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى «ئوغۇزنامە» بىرقەدەر قەدىمقى نۇسخىسىغا يېقىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىمۇ «ئوغۇزنامە»نىڭ ئەڭ قەدىمقى بىردىن-بىر نۇسخىسى دەپ ئېيتالمايمىز، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئاشۇ كېيىنكى دەۋرلەردە خاتىرىلەنگەن نۇسخىلىرىغا ئاساسەن «ئوغۇز-نامە» ئېپوسى خېلى بۇرۇنلا دۇنيا تۈركشۇناسلىق ساھەسىدە ئالاھىدە قىزىقىش قوزغىغان. نېمىس ئالىمى دېتس بىرىنچى

بولۇپ 1815 ـ يىلى بۇ ئەسەرلەردىن پارچىلارنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «ئوغۇزنامە»نىڭ تۈرلۈك تىللاردىكى تەرجىمىسى ئېلان قىلىندى ۋە ئۇ ھەقتە تۈرغۇنلىغان تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىلدى. لېكىن ھازىرغىچە ئوغۇزخان ۋە «ئوغۇز-نامە» ئېپوسى ھەققىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملار-نىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ئوخشاش ئەمەس. ئوخشىماسلىقنىڭ تۈپ نېگىزى بىرلا مەسىلىگە يەنى «ئوغۇزنامە»نى قايسى نۇقتىدىن تەتقىق قىلىش مەسىلىسىگە مەركەزلەشتى. ھازىرغىچە «ئوغۇز-نامە» كۆپرەك تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا تەھلىل قىلىنىپ بىر قاتار قالايمىقانچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. ئەلۋەتتە، تارىخىي ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشتا تىل مۇھىم نۇقتا. چۈنكى بەزى ئەدىبىي مىراسلارنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلغاندا شۇ دەۋرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۆزگىرىشلىرى ئارقىلىق ئەسەر يارالغان ئىجتىمائى دەۋرنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئېتمولوگىيە جەھەتتىن ئايرىغىلى بولىدۇ. ئەمما «ئوغۇزنامە»گە ئوخشاش بىرلەمچى نۇسخىسىغا ئىگە بولمىغان ئەسەر تىلشۇناسلىق ئۇسۇلى بىلەن تەتقىق قىلىندى-كەن، ئۇ چاغدا كۆپلىگەن ئۇقۇشماسلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى بۇ يەردە تىلشۇناسلىق ئۇسۇلى بويىچە تەتقىق قىلىنى-ۋاتقان نەرسە پۈتۈن ئوغۇز ۋە ئوغۇزخاقان ھەققىدىكى ئېپوس-نىڭ ئەسلى گەۋدىسى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ كېيىنكى

ۋاقىتلاردا كېيىگەن چاپىنى يەنى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈش ئارقىلىق ياكى ئوخشىمىغان ئاپتور-لارنىڭ سۇبيېكتىپ كۆزقارىشى سىڭگەن خاتىرىلىرىنىڭ قولىمىزغا يېتىپ كەلگەن نۇسخىلىرى بولىدۇ. بىزنىڭچە، «ئوغۇزنامە»نى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى، تارىخىي نۇقتىدىن تەتقىق قىلىش، ئومۇمىي يۈزلۈك تەتقىق قىلىش، «ئوغۇزنامە»نىڭ ھەم تارىخىي، ھەم بەدىئىي رىۋايەت-لىك تەرەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش «ئوغۇزنامە» ھەققىدىكى پۈتۈن سىرنى يېشىشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ، بۇ تارىخىي ماتېرىيالىزىمغا ئۇيغۇن ئۇسۇل.

«ئوغۇزنامە»نى تارىخىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىشتا ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى مەسىلىسىنى ئۆلچەم قىلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېتنوگرافىك ئامىللارغا مۇراجىئەت قىلىش ھەمدە ئىستېتىك پىكىر قىلىش تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلۇقلۇقىغا نەزەر سېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە»نى بىر كۆرۈش بىلەنلا، ئۇنىڭدىكى مۇنداق ئىككى باسقۇچ ۋە ئىككى خىل مەزمۇن كىشىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغايدۇ:

بىرىنچى باسقۇچ: ئەسەرنىڭ بېشى، يەنى ئوغۇزخاننىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى بولغىنىغا قەدەر، شۇنداقلا ئاخىرقى ئۇلۇغ تۈركنىڭ چۈشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۆلىكى. بۇ قەدىمقى رىۋايەتلەر ۋە

مېڧلار بىلەن باغلىق بولغان ۋەقەلەرنى ئـۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئىشلەپچىقىرىش شەكـ-لى، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتـلىرى، ئىدىـيىۋى ئىشەنچـلىرى ۋە ئېتنىك بەلگىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ئوغۇزنامە»نىڭ ئىككىنچى قىسمىدا، ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى بولغان ئوغۇزخـانـىنىڭ جاھانـىنى زىلزىـلىـگە سالـغان ھەربى يۈرۈشلىرى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە قەبىلىلەر ئىتتـىپاقى ئېتنىك ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەپلىرى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلەر خەلق ئېپوسلىرىغا خاس بەدىئى ۋاستىلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. شۇ سەۋەپـتىن «ئوغۇزنامە»نى ۋە ئۇنىـڭدا بايان قىلىنغان تارىخىي قەھرىـمان ئوغۇزخاقانـىنى رىـۋايەت دەپـلا قاراپ، ئۇنىڭ تارىخىي ئامىللىرىغا كۆز يۇمۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنىـڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىـمائى ھـاياتى، تۇرمۇشى، ھەربى يۈرۈشلىرى، دىنىي ئىشەنچـلـىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى جۈملىدىن يەر-جاي، قەبىلە ئىسىملىرىنىڭ ئاتىلىشلىرى توغرىـ-سىدىمۇ كۆپلىگەن رىۋايەتلىك ھەم تارىـخىي مەلۇماتلار بار. بۇ مەلۇماتلار تاسادىپى بولماستىن، كېيىنـكى ۋاقىتتـىكى بىر قاتار تارىخىي تەتقىقاتلار ئىسپاتلىغان ئېتنوگىراپىك مەلۇماتلار بىلەن بىرلەشكەن، تارىخىي داۋامـى بولغان ئىجتىمائـى ھادىسـىدۇر. شۇڭا ئوغۇزخاننىڭ تارىخىي شەخس بولۇشى ئېھتىمالـغا يېقىن. شۇنداقلا ئوغۇزخان ۋە «ئوغۇزنامە»نى نوقۇل تارىـخىي ئەسەر دەپ قاراپ، ئۇنىڭ رىۋايەتلىك ئامىللىرىغا كۆز يۇمۇشمۇ توغرا

ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭدا ئۇيغۇر بەدىئىي تەپەككۇرى، ئېستېتىك تەسەۋۋۇرى، گۈزەللىك تەسۋىرى، شېئىرىي ھېس-تۇيغۇسى ۋە مىللىي ئۇسلۇبى روشەن ئىپادىلەنگەن.

دېمەك، «ئوغۇزنامە» ھەم تارىخىي، ھەم داستان خاراكتېرىدىكى ئېپوپېيە بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەقەلىكى داۋاملىق ھالدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا تېخىمۇ پىششىقلىنىپ، ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئىدىئولوگىيىلىك قاراشلىرى، تىل تۈزۈلۈشلىرى ۋە تەسۋىرىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە»نىڭ ئۆزىدىن ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە ئامىللارنى كۆرۈش مۇمكىن.

(1) ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئوغۇزخاقان ھايۋانلارغا تەقلىت قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ: ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى. ئۇنىڭ پۇتى بۇقىنىڭ پۇتىدەك، بېلى بۆرە بېلىدەك، مۈرىسى يىلۋىزنىڭكىدەك، كۆكسى ئېيىقنىڭكىدەك ئىدى. پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقان ئىدى.

كېيىنكى ئېپىزوتلاردا بولسا "كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق ئەركەك بۆرە" تەڭرىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئوغۇزخاقانغا ھەمرا بولىدۇ. ئوغۇزخان: كۆك بۆرە بىزنىڭ بەلگىمىز بولسۇن، دەيدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى توتېمىزىم ئېتىقادىنىڭ ئەسەردىكى ئۆزىگە خاس ئىپادىسى. توتېم ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇرۇقچىلىق ئەمگىكى بىلەن زىچ مۇناسى-

ۋەتلىك. ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ جۇملىدىن ئۇيغۇر-لارنىڭ ئەڭ قەدىمقى توتېمىزىمى نەچچە ئون ئەسىرنىڭ ئالدىدىكى مەنىۋى ئېتىقادىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ «ئوغۇزنا-مە» ئېپوسىدا ناھايىتى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۆرىنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇنىڭغا مەئبۇت سۈپىتىدە چوقۇنۇش ئىدىيە-ۋى ئىشەنچىنىڭ بەزى تەسىرلىرى خەلقىمىز ئىچىدە ھىلىمۇ ساقلانماقتا.

(2) «ئوغۇزنامە» داستانىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئۆرپ-ئادىتى ۋە مىراسلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان بۆلەكلەر ئالاھىدە دىققەتنى قوزغايدۇ. بولۇپمۇ، «ئوغۇزنامە»نىڭ ئاخىرىدا تەسۋىرلەنگەن مۇراسىمدا قىرىق غۇلاچتىن ئېگىز ياغاچ خادا تىكىپ، ئۇنىڭ بېشىغا ئالتۇن ۋە كۈمۈش توخۇ، تۆۋىگە ئاق ۋە قارا قوينى باغلىشى، شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى دىنىي ئېتىقادى بولغان شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر خىل ئۆرپ-ئادەت ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ، چۈنكى شامان دىنىدا دەرەخكە ئېتىقات قىلىش ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان ۋە ئاق بىلەن قارا قارىمۇ-قارشى ئۇقۇم سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. داستاندا يەنە "كۆك" سۆزى ئۇلۇغلۇقنىڭ سۈپىتى تەرىقىسىدە بىرقانچە جايدا تىلغا ئېلىنغان. "كۆك" (ئاسمان) ئۇيغۇرلارنىڭ شامان ئېتىقادى دەۋرىدىكى تەڭرىسى ھېساپلىناتتى. يەنى ئۇيغۇرلار شامانىزىم دەۋرىدە بەش خىل جىسىمغا (كۆك، سۇ، تۇپراق، ئوت، شامال) بەيئەت

قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە "كۆك" ھەممىنى ياراتقۇچى "خۇدا"غا تەڭلەشتۈرۈلگەن. شامان ئېتىقادىدىن كەلگەن بۇ چۈشەنچە ئاساسىدا ھونلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ مەركىزىگە "كۆكخوت" (تەڭرى شەھىرى) دەپ نام بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۆرە ئوبرازىمۇ "كۆك رەڭلىك، كۆك يايلىلىق" دېگەن ئىبارىلەر ئىشلىتىلىپ تېخىمۇ مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن ھەمدە ئادەتتىكى يىرتقۇچ ھايۋاندىن ئىلاھى تەسۋىرى بىلەن پەرقلەندۈرۈلگەن. شۇنداقلا ئوغۇزخاقاننىڭ ئىككى خوتۇن ئېلىشى، بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، يەنىلا شامان دىنى ئېتىقادىدىن ئايرىلمايدۇ. بەزى مەنبەلەردە ھەر بىر شامان ئىككى ئىلاھى خوتۇنغا، يەنى ئورمان ئىلاھىنىڭ قىزى ۋە سۇ ئىلاھىنىڭ قىزىغا ئىگە بولغانلىغى رىۋايەت قىلىنىدۇ. «ئوغۇزنامە»دىكى ئەشۇ ئىككى خوتۇننىڭ فىزىئونومىيىلىك تەسۋىرى ئۇنىڭ ئورمان ئىلاھى ۋە سۇ ئىلاھىنىڭ قىزلىرى ئىكەنلىگىدىن بىشارەت بېرىدۇ. بۇ ئادەت شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ بىر خىل ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسلۇبىغا ئايلىنىپ قالغان. ئېنگېلس: "شامان دىنى ئىنسانلار ئەمدى سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇۋاتقان مەزگىللەردە پەيدا بولغان" دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ «ئوغۇزنامە» ئەكس ئەتتۈرگەن شامان دىنىنىڭ قويۇق ئېتىقات شەكىللىرى جەمئىيەتنىڭ ئىككى خىل تەبىقىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە زىددىيەتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋاستىسى بولغان. يەنە بىر

تەرەپتىن ئالغاندا، ئوغۇزخاقاننىڭ ئىككى خوتۇن ئېلىش سيۇژىتى ئوغۇزخان ئېپوسىنىڭ ئومۇمەن ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ هالاك بولغان، ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ هۆكۈمران ئورۇنغا چىققان دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ دەۋرنىڭ تۈپ ئالاهىدىلىگى ئىنسانلارنىڭ سىنىپىي تەبىقىلەرگە بۆلۈنۈشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. «ئوغۇزنامە»نىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىدا ئوغۇزخاقاننىڭ ئەۋلاتلىرى ئىجتىمائى ئورۇن جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى تەبىقىغە بۆلۈنىدۇ. يەنى، ئوغۇزخاقاننىڭ ئاسمان نۇرىدىن تۆرەلگەن چوڭ خوتۇنىدىن بولغان ئۈچ ئوغلى ئالتۇن قىسمەتلىك بولۇپ، كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان ئالتۇن "يا" ئۇلارغا تەئەللۇق، بۇ ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە هۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەكلىگىدىن دېرەك بېرىدۇ. كىچىك خوتۇنىدىن بولغان ئوغۇللىرى بولسا كۈمۈش قىسمەتلىك بولۇپ، بۇلار چوڭ ئوغۇللىرىغا بويسۇنۇشى لازىم بولىدۇ. ئوغۇزخاقان چوڭ ئوغۇللىرىغا قارىتا: سىلەر ياغا ئوخشاش، ئوقنى كۆككىچە ئېتىڭلار، دېسە، كىچىك ئوغۇللىرىغا: يا ئوقىنى توغرىلايدۇ، سىلەر ئوققا ئوخشاش ياغا بويسۇنۇڭلار، دەپ ۋەسىيەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ سۆزى هاكىملىق بىلەن قابىلىق مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ شەجەرىسىدە "يا" پادىشانى، "ئوق" ۋەزىرنى كورسىتىدۇ. دېمەك، «ئوغۇزنامە»دە ئۇيغۇرلارنىڭ ناهايىتى قەدىمقى زامانىدىكى يەنى ئىپتىدائى

شامان دىنىغا ئىشەنگەن ۋاقىتدىكى ئېتىقات ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى ئەكس ئەتكەنلىكىدىن، بۇ داستاننىڭ قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.

(3) قەھرىمانلىق ھەققىدىكى بۇ ئېپوسنىڭ ئەڭ زور تارىخىي قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن باش قەھرىمان ئوغۇزخان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلەر تارىختىكى پۈتۈن-پۈتۈن قەبىلىلەرنىڭ ياكى ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى سۈپىتىدە ئېتنوگراپىك نۇقتىدا كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، «ئوغۇزنامە» يىل تەرتىۋى بويىچە يېزىلغان تارىخنامە بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى خەلق داستانلىرىغا خاس خۇسۇسىيەتلەر بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرگەنلىكى شۇبھىسىز. يۇقۇرقى-لارنى خۇلاسىلىغاندا، «ئوغۇزنامە» تولىمۇ يىراق تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى دەۋرلىرىگە مەنسۇپ بولغان «ئالىپ ئەرتۇڭا داستانى»، «چاشتانى ئىلىگ بەگ»، «دېدى قورقوت» (قورقوت ئاتا)، داستانلىرىدىنمۇ كۆپ كونا ئىكەنلىكى بىلەن مەشھۇر. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى قايسى دەۋرلەردە قانداق ئىجتىمائى مۇھىت ۋە تىل تۈزۈلمىسى تەسىرىدە ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتمايمىز، بەلكى ئەسلى يەنى خۇددى ئوغۇز سۇتىگە ئوخشاش بىرلەمچى ھالىتىنى نەزەردە تۇتىمىز ۋە شۇ بويىچە

«ئوغۇزنامە»نىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى مۇلاھىزە قىلىمىز.

بىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئايرىم قەبىلىلەردىن تەشكىل تېپىلگەن دەسلەپكى تۈزۈلۈش دەۋرىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن «چاشتانى ئىلىگ بەگ» داستانىدا، قانداقلا بولمىسۇن، بىر خىل ئىلىك بەگلىگ يەنى شەھەر پادىشالىق مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا بولسا شەھەرلەر ھەققىدە تېخى كۆپ گەپ يوق. پەقەت ئۇنىڭدا ئۇرۇمخانىنىڭ ئوغۇزخاقان بىلەن سوقۇشقان ۋاقتىدىكى تولىمۇ كىچىك بىر ھەربى بارىگادىسى ئىپادىلەنگەن، خالاس. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىلىك بەگلىك تۈزۈمى شەكىللەنگەن دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان «چاشتانى ئىلىگ بەگ» داستانى تېخى شەھەر ھاياتى ھەققىدە ئارتۇقچە سۆز ئېچىلمىغان «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىن كۆپ كېيىنكى دەۋردە يارىتىلغان، شۇنداقلا يەنە «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى، بەدىئى ئامىللىرى ۋە ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى ئېتنىك ۋەقەلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە ئالىپ ئەرتۇڭا مەرسىيەنامىلىرىدىنمۇ كۆپ قەدىمي ئىكەنلىكىنى كۆرۈش تەس ئەمەس. مەلۇمكى، ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى ھېكايىلەر مىلادىدىن خېلى كۆپ يىللار ئىلگىرىكى كەيكوۋس، كەيخىسراۋنى نامايەندە قىلغان كىيانىلار سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، ئالىپ ئەرتۇڭا ئەنە شۇ كىيانىلار (كىيان تىلارمۇ دېيىلىدۇ)نىڭ 3-شاھى بولغان كەيخىسراۋ بىلەن جەڭ قىلىدۇ ۋە بىر قېتىملىق جەڭدە كەيخىسراۋ

تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن ئالىپ ئەرتۇڭا مەرسىيىسى ئاشۇ تارىخنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە خەلق تەرىپىدىن تۈزۈلگەن. بىز «دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدىكى مەرسىيەنامىلارغا قارىساق، ئۇنىڭ رەسمىي بېيىت شەكلى ئالغانلىقىنى، شېئىرىي ئامىللىرىنىڭ خېلى دەرىجىدە پاساھەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا بولسا شېئىرىي ئامىللار ئالىپ ئەرتۇڭا مەرسىيىلىرىدىن خېلىلا پەرقلەنگەن ھالدا ئېپتىدائىي رىتىم سەزگۈلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بايان قىلىنغان. گەرچە ئۇنىڭدىمۇ مەلۇم شېئىرىي سەزگۈسىگە ئىگە رىتىملىك شېئىرىي تىزما بولسىمۇ، ئەمما بىر پۈتۈن شېئىرىي ئامىللىرى تېخى رەسمىي بېيىت شەكلىنى ئالمىغان. بۇنىڭغا قاراپ، «ئوغۇزنامە»نى ئەمدىلەتىن شېئىرىي پىكىر باش كۆتىرىلىۋاتقان دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن دېيىش مۇمكىن.

«ئوغۇزنامە»نى ئېتنوگرافىك جەھەتتىن تەتقىق قىلغاندا، يەنە ئۇنىڭدىكى فىزىئونومىيىلىك تەسۋىرىي بايانلىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. «ئوغۇزنامە»دە تەسۋىرلەنگەن ئىككى گۈزەل قىزنىڭ بىرى: ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىنمۇ كۆكرەك، چېچى سۇ ئېقىمىدەك، چىشى ئۈنچىدەك، دەپ سۈرەتلەنگەن. بۇ فىزىئونومىيىلىك تەسۋىرلەر، بىر تەرەپتىن، قەدىمقى زامانلاردا خەلقىمىزنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۈچىنىڭ خېلى دەرىجىدە يۈكسەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ

بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ بەلگىلىك ئېتنىك قىممەتكە ئىگە. يەنى بۇ تەسۋىردە سۈرەتلەنگەن قىز فىزىئونومىيە جەھەتتىن قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ قىياپىتىگە تولىمۇ ئوخشاش. ھىرودوت① ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە شۇنىڭدەك ئىلىمىزنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى ۋە شائىرى سىما چيەن ئۆزىنىڭ «تارىخنامە» دىگەن ئەسىرىدە قەدىمقى تۈركى مىللەتلەر خەلقلىرىنىڭ «ئوغۇزنامە»دە تەسۋىرلەنگەندەك قىياپەتلىك ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. شۇنداقلا ئۇ مىرەندىن تېپىلغان 6412 يىللىق جەسەتنىڭ فىزىئونومىيىلىك قۇرۇلۇشى بىلەن ئوخشاش. سۆڭەك كەنتىدىن تېپىلغان بىرمۇنچە ئارخېئولوگىك مەلۇماتلاردا ئاق تەنلىك ئارىيانلار ھەممىدە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا موڭغۇلىيە نەسىللىك ئارىلاشمىلار بىلەن تۈركى نەسلىگە ئايلانغانلىقىغا ئائىت كۆپلىگەن پاكىتلارنى تاپقىلى بولۇشتىن تاشقىرى، بەزى تۈركشۇناسلارنىڭ ئاشۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلىرىدىمۇ فىزىئونومىيىلىك ئوخشاشلىق ۋە ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىق ئارىيانلار بىلەن قەدىمقى تۈركى خەلقلەرنىڭ بىر بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەنلىگى ئىسپاتلاپ بېرىلگەن.

ئوغۇزخان ۋە «ئوغۇزنامە» ئېپوسى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتلاردا ئوخشىماسلىق پەيدا قىلىۋاتقان مەسىلىنىڭ

① ھىرودوت — مىلادىدىن ئىلگىرىكى 484 ـ يىلدىن 425 ـ يىلغىچە ياشىغان قەدىمقى يۇناننىڭ مەشھۇر تارىخچىسى.

يەنە بىر نۇقتىسى داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمىدا تىلغا ئېلىنغان قەبىلە ناملىرى ۋە يەر ـ جاي ناملىرىدىن ئىبارەت. داستاندا تىلغا ئېلىنغان قەبىلىلەر نامىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭدا گەرچە رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بەلگىلىك تارىخىي مەزمۇنغا ئىگە. شۇنداقلا ئۇ ئەينى زامانلاردىكى ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك خوشنا قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. شۇڭلاشقا «ئوغۇزنامە»نى مۇلاھىزە قىلغاندا، ئەلۋەتتە، جۇغراپىيىلىك ۋە ئېتنىك نامىلارنىمۇ مۇپەسسەل ئىزاھلاشقا ۋە چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، «ئوغۇزنا-مە»دە ئوغۇزخان بىرىنچى قېتىملىق مۇراسىمدىلا ئۆزىنى: مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، دەپ جاكالايدۇ. مۇشۇ سۆزدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، "ئۇيغۇر" دېگەن ئېتنىك نام ئوغۇز رىۋايەتلىرىنىڭ تارىخىي بىلەن شەجەرىداش بولغان قەدىمدىلا مەۋجۇت قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئىسمى. «دىۋان»دا "ئۇيغۇر" دېگەن نام كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ ھەمدە مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا "ئۇيغۇر" نامىنىڭ مەۋجۇتلۇغى بايان قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ يۈرۈشىگە دائىر ھۆججەت-لەردىمۇ "ئۇيغۇر" دېگەن نام ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەلۇ-ماتلار بار. بۇ نامنىڭ پەيدا بولۇشى فانداقتۇ كېيىنكى دەۋر-لەردە ئوتتۇرىغا چىققان بەزى يازما ماتېرىياللاردىكىدەك سۇنئىي تەسەۋۋۇرچىلىق ۋە تەۋەككۇلچىلىك بىلەن ئوتتۇرا ئەسىرگە

سۇرۇپ كېلىنسە، ئۇ چاغدا «ئوغۇزنامە»دە ئىپادىلەنگەن يۇقۇرقى تارىخىي رىياللىق بىلەن ئۆزئارا قارىمۇ-قارشىلىق پەيدا بولىدۇ.

ئوغۇزخاقانىنىڭ ھەربى يۈرۈشىدە دەسلەپ دۈچكەلگەن خانلىق — "ئالتۇنخان" تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنى ھەرگىزمۇ جۇڭگو يىلنامىسىدىكى ئېلىمىزنىڭ جىن سۇلالىسىنى قۇرغان «مىلادى 1115 — 1234 - يىللار» نۈجېن خاقانلىغى دەپ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئەشۇنداق ئىزاھلانسا، يالغۇز ۋاقىت جەھەتتىنلا (ئوغۇز رىۋايەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا) ناھايىتى زور پەرق بولۇپلا قالماستىن، ئوغۇز-خاقانىنىڭ يۈرۈش لېنىيىسىگىمۇ زادى ماس كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە داستاندا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ "ئالتۇنخان"نى ئوغۇزخاقانىنىڭ ھەربىي يۈرۈشىدە 1-قېتىم دۈچكەلگەن شىمالدىكى خانلىق دېيىلگەن. بىزچە، جۇغراپىيىلىك ئامىللار-دىن قارىغاندا، "ئالتۇنخان" ئالتاي تەرەپتىكى خاننى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئالتاينىڭ "برونزا دەۋرى"دىكى ئىسمى ئالتۇن تاغ ئىدى.

«ئوغۇزنامە»دە ئالتۇن خاندىن كېيىن تىلغا ئېلىنغان "ئۇرۇمخان" ياكى رۇمخانىنىمۇ قانداقتۇ رۇم ياكى رىم ئىمپې-رىيىسى دەپ ئىزاھلاشقا بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قارىلىدىكەن، «ئوغۇزنامە» ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان خىيالىي فانتازىيىگە ئايلى-نىپ قالىدۇ. بىزچە، رۇمخان جۇڭگو يىلنامىلىرىدا "ئۇرۇمتاي"

دەپ ئاتالغان قەدىمقى ئۇرۇمچىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى
ھەربى قەلئەسىنى كۆرسىتىدۇ. داستاندا يەنە: ئۇرۇمخاننىڭ
بىر قىرىندىشى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇرۇسبەك ئىدى،
دېيىلىدۇ. بۇ يەردىكى "ئۇرۇسبەك" دىگەن سۆز روسىيە بەگلىگە-
دىن دېرەك بەرمەيدۇ. "ئۇرۇسبەك" خۇددى "ئۇلۇسبەك"
دىگەندەك بىر قەبىلىنىڭ ئاقساقىلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نام
قەدىمي تۈركى قەبىلە-مىللەتلەردە ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى
ئارىيانلاردا قوللىنىلغان. دەسلەپ ئارىيانلاردا قەبىلە ئاقساقلى
"جانابىل" دەپ ئاتالغان. كېيىنرەك (تۈركى جىنسلار بىلەن
قوشۇلغاندىن كېيىن) قەبىلە ئاقساقلى "رۇسبەك" ياكى "ئۇلۇس-
بەك" دەپمۇ ئاتالغان. شۇڭا بۇ نام ئوغۇزخاقان جەنۇپقا يۈرۈش
قىلغان ۋاقىتلاردىكى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ (مەسىلەن، قىرغىز-
لارنىڭ) باشلىقلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئۇرۇس ئىنانىنى
كۆرسىتىدۇ. «ئوغۇزنامە»نىڭ 2-ئېپىزوتىدا ئۇرۇسبەكنىڭ
ئوغۇزخاقانغا ئەل بولۇپ ئېيتقان: بىزنىڭ بەختىمىز سىنىڭ
بەختىڭ، بىزنىڭ ئۇرۇغىمىز سىنىڭ دەرىخىڭنىڭ ئۇرۇغىدىن،
دىگەن سۆزىمۇ "ئۇرۇسبەك"نىڭ ئوغۇزخان بىلەن قانداش
قەبىلە ئىكەنلىگىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئوغۇزخاقان "ئۇرۇمخان"نى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، مۇز
تاغدىن ھالقىپ ئۆتۈپ قاراڭغۇ تاغ باغرىدىكى ئېتىل دەرياسى
بويىغا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى "مۇز تاغ" تيانشاننىڭ مۇزلۇق
چوققىلىرىدىن بولغان مۇزاتىنى كۆرسەتسە، "قاراڭغۇ تاغ"

ئشارىلىك سوۋېت تەرىقىسىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبى تەرىپىنىرەك كۆرسىتىدۇ. «ئوغۇزنامە»دە ئىسمى ئاتالغان قەبىلىلەر نامىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش. "قارلۇق" تىيانشان بويىلىرىدىكى مەشھۇر قەبىلە بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرغۇچىلاردۇر. "قالاچ"مۇ مەشھۇر قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، كېيىنچە بىر قىسمى ئىراننىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان. ئاساسىي قىسمى بولسا ھازىرغىچە لوپنور كۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرەپلىرىدە ياشاپ كەلمەكتە. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھازىرمۇ "قالۇچى" قەبىلىسى دەپ ئاتىشىدۇ.

جەنۇپتىكى "بارقان"نى «ئوغۇزنامە»دە ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ چىرايى قاپقارا ئىكەن، خاقانىنىڭ ئىسمى ماسارخاقان ئىكەن دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا "ئوغۇزنامە"دىكى "بارقان" غەربىي شيانى كۆرسەتمەستىن، چىرايى قارا خەلقلەر ياشايدىغان شىمالىي ھىندىستاننى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. «دىۋان»نىڭ 1 ـ توم، 378 ـ بېتىدە "بارخان" دېگەن ئىسىم بار. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئىزاھاتىغا ئاساسلانغاندا، "بارخان" يەنىلا قەشقەر ئەتراپىدىكى ئىسسىق بىر جاينىڭ نامى ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇ ئىككى پىكىرنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندا، تارىخىي مەنتىقە جەھەتتىن زىتلىق يوقلۇغىنى ئۇنىڭ خاقانى سۆپىتىدە تىلغا ئېلىنغان "ماسار"خاقان ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. "ماسار"خاقانمۇ ئوغۇزخاقاننىڭ ھەربىي يۈرۈشى بىلەن ھىچقانداق ئالاقىسى بولمىغان مىسىرلىقلارنى ئىپادىلىمەستىن،

قەدىمقى ماساگېت قەبىلىلىرىنىڭ نامىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ماساگېتلارنى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "ساكلار" دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇلار ئوغۇز دەۋرلىرىدە ھىندىستاندا ياشىغان. كېيىنچىرەك خوتەندە ھاكىمىيەت قۇرغان. بەزى ھۆججەتلەردە قەدىمقى خوتەن تىلىنى "ساك تىلى" دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. ئورخۇن ھۆججەتلىرىدە بولسا ئۇلارنى "ساق" ياكى "ساخ" دەپ خاتىرىلىگەن. «ئوغۇزنامە»نىڭ 23 ـ ئېپىزوتىدا بولسا ساكلارنى "ساق" ياكى "ساقلاپ" دەپ ئاتىغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر ھەتتا 12 ـ، 13 ـ ئەسىرلەردە "ساك" مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس.

يۇقۇرقى ئاتالغۇلارنى ئوغۇزخان دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۇرۇپ ئاشۇنداق شەرھىلەش، ئەلۋەتتە، تارىخىي رىياللىقنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنى قانداقتۇ تىلشۇناسلىقتىكى قىياسەن پەرەزگە ياكى سۆزنىڭ ئاھاڭداشلىق خۇسۇسىيىتىگە قاراپلا رىۋايەتنىڭ مەنتىقىلىق مەزمۇنى بىلەن ھىساپلاشماي ئىزاھلىغاندا، تەبىئىكى، تارىخىي ئاستىن ـ ئۈستۈنلۈك كېلىپ چىقىدۇ. «ئوغۇزنامە»نى رىۋايەت دەپ قارىغاندىمۇ، ئوغۇزخاقاننىڭ ھەربى يۈرۈشىنىڭ بەلگىلىك لىنىيە بويىچە بولغانلىقى ئىپادىلەنمەي قالمايدۇ. ئېپوستا كۆرسىتىلگەن جايلارنى جۇغراپىيە جەھەتتىن بىر بىرىگە باغلىساق مەسىلە تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. ئوغۇزخان: بۇ يەردە چوڭ بىر ئورمان بار ئىدى، ئۇنىڭدا كۆپ دەريا ـ ئېقىنلار بار ئىدى، بۇ يەردە ياۋايى ھايۋانلار كۆپ ئىدى. قۇشلار

ئۇچۇشۇپ يۇرەتتى، دەپ سۇرەتلەنگەن ئۇلۇغ ئورماندا تۇغۇلدۇ. بۇ جاي، تەبىئىكى، سىبىرىيە دالاسىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئوغۇزخاقانىنىڭ ئاتلىق يۈرۈشى ئەنە شۇ جەنۇبىي سىبىرىيىدىن باشلىنىپ ئالتاي، يەتتە سۇ، تىيانشان، پامىر، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ھالقىپ قارا تەنلىك دارىيانلار ياشىغان شىمالىي ھىندىستانغا، يەنە بىر تەرەپتىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى تاڭغۇت يۇرتلىرىغا قاراپ سوزۇلغان. بۇنداق يۇرۇشكە سەۋەب بولغان نەرسىلەر يېڭى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئوغۇز ئەۋلاتلىرىنىڭ كۆپىيىشى، يېڭى بايلىق مەنبەسى ئىزدەش ۋە جەڭ ئىلاھىغا سىغىنىش قاتارلىقلار بىلەن سىمۋول قىلىنغان. قەدىمقى ئېغىز ئېپوسىغا ئاساسەن خاتىرىلەنگەن بۇ ئاتلىقلار مەدىنىيەت يولىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى تەسەۋۋۇر قىلغان چېغىمىزدا، ئەلۋەتتە، ئوغۇزخاقانىنىڭ ئۇچراشقان قەبىلىلىرى، جەڭگاھلىرى، تاغۇ-دەريالىرى،...مۇشۇ يول لىنىيىسىدىن چەتكە چىقىپ كېتىپ، ئەسلى مەنىسىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كېتىلسە، ئۇ چاغدا «ئوغۇزنامە» ئېپوسى ئۆزىنىڭ يۈكسەك تارىخىي قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇ نەرسىنى قايتا ئەسكەرتىش كېرەككى، تېكىستالوگىيە جەھەتتىن بىزنىڭ قولىمىزغا يېتىپ كەلگەن ھەر خىل نۇسخىلاردىكى ئوغۇز رىۋايەتلىرى بولۇپمۇ 13-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى «ئوغۇزنامە» ئېپوسى ئەسلى «ئوغۇزنامە»گە مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلەر ۋە رىۋايەتلەر-

نىڭ پەقەت بىر قىسمى، بەلكى ئاساسىي گەۋدىسىنى ساقلاپ قالالىغان ۋە توپ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىر قىسمى. «ئوغۇزنامە»نىڭ پۈتۈن تەسۋىرىي بايانلىرى ساقلانغان نۇسخىسى ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق. بۇ نۇسخىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشىمۇ ھاجەت ئەمەس. ھازىر قولىمىزدا بار نۇسخىغا ئاساسلىنىپ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ئىلمىي ھالدا ئەينەن تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش، تارىخ، ئەدەبىيات، ئېتنوگراپىيە، مىللەتشۇناسلىق، جۇغراپىيە، پەلسەپە قاتارلىق پەنلەرگە تەتبىقلاش كېرەك. ناۋادا «ئوغۇزنامە» تەتقىقاتى توغرا ئىلمىي يەكۈنگە ئىگە قىلىنمىسا، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىي ئېنىق-يورۇق بولماي قالىدۇ. «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ پەلسەپىۋى ئەھمىيىتى، بەدىئى ئالاھىدىلىكى ۋە ئېستېتىكىلىق رولى سېستىمىلىق تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان مەخسۇس تەتقىقات تېمىلىرى بولغاچقا، ئۇ ھەقتە بۇ ماقالىدا ئايرىم توختالمايمىز.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتە ياراتقان ئېسىل مەدەنىي مىراسى بولۇپ، مەيلى مەزمۇن، مەيلى شەكىل، مەيلى تىل خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن بولسۇن، جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغايدىغان قىممەتلىك تەتقىقات ماتېرىيالى. شۈبھىسىزكى، «ئوغۇزنامە» تەتقىقاتى يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۋاتقان بۈگۈنكى چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە، ”ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش“

ئارقىلىق، «ئوغۇزنامە» داستانى ھەققىدە پات ئارىدا تېخىمۇ مۇكەممەل يەكۈن چىقىرىلغۇسى.

1981 ـ يىل 4 ـ ئاي.

# ئۇيغۇر هازىرقى زامان پوئېزىيىسىدە داستانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ ئورنى ۋە تەرەققىيات يولى

بۇ يىل ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلار بويىچە 30 يىللىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەدەبىيات گۈلزارلىقىدا ئېچىلغان خۇشپۇراق گۈللەر نامايەن قىلىندى. باھالاش جەريا- نىدا بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ داستانلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. تۆۋەندە، بۇ قېتىمقى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بەزى مۇنەۋۋەر داستانلارنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پوئېزىيە- سىدە تۇتقان ئورنى ۋە تەرەققىيات يولى ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرىمنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

مەلۇمكى، داستان ئوبيېكتىپ ۋەقە ۋە پېرسوناژلارنى تەسۋىر- لەش ئارقىلىق رېيال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان چوڭراق ھەجىمدىكى شېئىرىي ئەسەردۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىنكى 30 يىللىق تەرەققىيات تارىخىنى ئەسكە ئالساق، پوئېزىيە جەھەتتىكى نەتىجىلەر ھەققەتەن كىشىنى خوشال قىلىدۇ. ئەنە شۇ شانلىق نەتىجىلەر ئىچىدە داستانچىلىق ساھەسىدىكى ئىلگىرىلەش ھەم

تېز، ھەم سۈپەتلىك، ھەم رەڭدار بولۇش بىلەن خاراكتېرلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، داستان بىر مىللەت پوئېزىيىسىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم ژانىر بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيەتتە تۇتقان ئورنى زور. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق شائىر ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ يىرىك نامايەندىسى سۈپىتىدە رىيال ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىچىدىن تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ماھىيەتلىك تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى تاللاپ ۋە ئۇنى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ، يارامىلىق داستانلارنى ئىجاد قىلىشقا تىرىشىدۇ ۋە شۇنىداق ئىشلەشنى ئۆزى ئۈچۈن شەرەپلىك بۇرچ دەپ بىلىدۇ.

ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ ئازاتلىقتىن كېيىنكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تەرەققىياتىغا نەزەر سالساق، ئوقۇغۇچىلارنى مەمنۇن قىلىدىغان خېلى كۆپ داستانلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز: 50 - يىللار ئىچىدە ئازاتلىقنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتلىك تېمىلارنى مەزمۇن قىلغان «ئەمدى كەلدى پەيتىمىز» (ت. ئېلىيوپ. 1950 - يىل)، «چولپان» (رەھىم قاسىم. 1955 — 1957 - يىللىرى)، «ئۇلۇغ خەنزۇ خەلقىغە» (مەھەممەتجان سادىق)، «ئايخان» (ئا.خوجا. 1959 - يىل)، «ئانا» (مەھەممەت رەھىم.1959 - يىل) قاتارلىق ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن بىر قىسىم داستانلار بارلىققا كەلگەن بولسا، 60-يىللار - ئىچىدە «ئاينىڭ كىچىك مېھمىنى» (بوغدا ئابدۇللا)، «قىزىل گۈل» (قۇربان بارات)

قاتارلىق داستانلار ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. 70 ـ يىللارنىڭ كېيىنكى يىللىرىدا، يەنى لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پۈتكۈل سەپلەردىكى گۈللەپ ياشناش كەيپىياتىغا ئەگىشىپ داستانچىلىق ساھەسىدىمۇ خوشاللىنارلىق مەنزىرە بارلىققا كەلدى. ئەنە شۇ يىللار ئىچىدە ئېجات قىلىنغان «قەشقەر كېچىسى» (ئا.ت.ئۆتكۈر)، «چىن مۇھەببەت» (مەھەممەتجان سادىق)، «گۈلدەستىخان» (بوغدا ئابدۇللا)، «گۈلمېھرى» (مەمتىلى زۇنۇن)، «گۈلمروي» (مامۇت زايىت)، «ئالىم بىلەن ئايىم» (م.شاۋۇدۇن، سادىن سادىر)، «يۇلتۇزلار يۇرتى» (ئارسلان)، «پولات» (ئە.ئىبراھىم)، «سەپەر ناخشىسى» (تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن) قاتارلىق داستانلار مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقى، بەدىئىي شەكلىنىڭ رەڭدارلىقى، ئەنئەنىۋى مىللى ئۇسلۇبقا ئىگە بولغانلىقى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى ۋە ھاياجانلاندۇردى. بۇ داستانلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئومۇمەن داستاندا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىغان. تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ داستانلاردا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش سېپىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلەنگەن، تارىخىي ۋەقەلەر ئارقىلىق جاھالەتلىك ئۆتمۈشنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرى پاش قىلىنىپ، بۈگۈنكى ئازات زامانىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇقى روشەن سېلىشتۇرما ئوبرازلار

ئارقىلىق تەسىرلىك بايان قىلىنغان؛ خەلقىمىزنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى ۋە سۆيگۈسى ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلگەن؛ خەلق ئارىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ، كەڭ تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر ياردىمى بىلەن، خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىق ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەردىكى قەھرىمانلىق جاسارىتى، سۈنماس ئىرادىسى كۈيلەنگەن. ۋاھاكازالار.

سەن بىزنىڭ بەختىمىز ـ سائادىتىمىز،
پەخىرلەن ئانا يۇرت ــ مۇقەددەس دىيار!
مىليونچە چولپىنىڭ ــ ئەۋلادىڭ ھەغدا،
سەن ھامان غالىپسەن، ھامان بەختىيار.

(«چولپان» داستانىدىن)

سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ دەۋرىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ھەركىتىنىڭ بەددىئى خاتىرىسى بولغان شائىر رەھىم قاسىمنىڭ «چولپان» داستانى ئەنە شۇنداق ھاياجانلىق ۋە يالقۇنلۇق مىسرالار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق يەر مۇلۇكچىلىكىگە خاتىمە بېرىپ، سوتسىيالىستىك كوللىكتىپ ئىگىلىك يولىغا قاراپ مېڭىش سىياسى ۋە ئىقتىسادىي سەپتىكى غايەت زور بۇرۇلۇش بولۇپ، ئاشۇ بوران ـ چاپقۇنلۇق يىللاردا قايسى يولنى تاللاش ۋە قايسى يولغا مېڭىش ھەر بىر دىخاننى سىنايدىغان جىددى مەسىلە ئىدى. ئەنە شۇ رىيال ئىجتىمائى كۈرەش تېما قىلىنغان بۇ داستان داغدام سوتسىيا-

لىزىم يولىدا قەتئى تەۋرەنمەستىن ئالغا ئىلگىرىلىگەن چولپانغا ئوخشاش ئازات زامانىمىزنىڭ ھەقىقىي ئالىي شۇنچە كونكرېت ۋە جانلىق سۈرەتلەپ، مۇشۇنداق ئىپىك قەھرىمانلارنى ئۆستۈرگەن ئانا ۋەتەنگە، ئازات زامانىمىزغا بولغان چوڭقۇر سۆيگۈ-مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىدۇ.

پەخىرلەن ئانا يۇرت!
ماختىنىش ھەققىڭ،
بۇ شەرەپ تەئەللۇق بىر ساڭا ئەبەت.
سەن شۇنىداق ئەۋلاتلار قوشتۇڭ قاتارغا،
قەلبىدە ئالەمچە سۆيگۈ-مۇھەببەت.

چولپاننىڭ سوتسىيالىزىم يولىدا قىلچە تەۋرەنمەستىن، كۆرەشنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆمۈمىنىڭ ئىشى ئۈچۈن جانپىدا قىلىش روھى شائىرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھاياجان قوزغىغان. ئاشۇ تارىخىي چىنلىقنىڭ ئوبرازلىق ئىپىكلەشتۈرۈلۈشى «چولپان» داستانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىدىكى تۈپ سەۋەپلەرنىڭ بىرى. ھەقىقەتەن داستاندا سۈرەتلەنگەندەك، چولپان:

بەختسىز ئاتىنىڭ بەختىيار قىزى،
ناخشىدەك ئۆمۈرنىڭ خوشخۇي كۈيى ئۇ.
كەڭ دالا، مەخمەلدەك يېشىل ئېتىزنىڭ
ئەتىردەك پۇراقلىق قىزىلگۈلى ئۇ.

بۇ داستاننى ئوقۇغان ھەرقانداق كىتاپخان چولپاننىڭ

ئاشۇنداق گۈزەل سۈپەتلىرىدىن زوقلانماي قالمايدۇ. چۈنكى چولپاننىڭ پۈتۈن پائالىيىتى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەركىتىدىن ئىبارەت ئاشۇ تارىخىي رېياللىقنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، باشتىن-ئاخىر ئورتاقلىق بىلەن خاسلىق بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان ھەمدە چولپاننىڭ كونكرېت ھەركىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى ھىس-تۇيغۇسى زىچ بىرلەشكەچكە، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان لىرىك ناخشىغا ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، «چولپان» داستانى بۇنىڭدىن چارەك ئەسىر بۇرۇن يېزىلغانلىقىغا قارىماي، ھازىرقى دەۋرىمىز ئۈچۈنمۇ يەنىلا رېيال ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نادىر ئەسەرلەرنىڭ بىرى.

ۋ.ئى.لېنىننىڭ "ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش ئاسىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ" دېگەن سۆزىنى ئۆزىگە ئېپىلوگ قىلغان «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستان پوئېزىيە بېغىمىزنىڭ يەنە بىر سەرخىل مېۋىسىدۇر. ئۇنىڭ كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىشى ئەلۋەتتە تاسادىپى ئەمەس: مەزمۇن جەھەتتىن ئالغاندا، داستان گەرچە ئۆتمۈشنى تېما قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ 40-يىللاردىكى ھايات سەرگۈزەشتىلىرى يۈكسەك دەرىجىدە بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ رېيال تۇرمۇشى تارىخىي جەھەتتىن يەكۈنلەنگەن. داستاندا ئەجايىپ ئوبرازلار — لەيلىگۈل بىلەن كېرىمنىڭ ئەمگەكچىلەرگە خاس كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بىلەن

سەلبى ئوبرازلار — چولاق مەخسۇم ۋە بەگ ھاجىم باشچىلىغى-
دىكى فېئودال ھۆكۈمران گۇرۇھلىرىنىڭ چىرىك فېئودال ئىمتى-
يازلىق تۇرمۇشقا قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەت ۋە
كۆرەش تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆتمۈش جەمىيەتىنىڭ
قاراڭغۇ تۇتەك پەردىسى ۋە ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى
چوڭقۇر پاش قىلىنىدۇ. داستاندا بولۇپمۇ بىر بىرىگە تۈپتىن
قارىمۇ-قارشى ئىككى سىنىپ، ئىككى خىل ئىدىئولوگىيە
ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ ماھىيىتى يىغىنچاق ۋە مەركەزلىك
ھالدا ئېچىپ بېرىلگەن. داستان بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ
قەلبىدە لەيلىگۈل ۋە كېرىمگە ئوخشاش ھەققانىيەت كۈچلىرىگە
كۈچلۈك ھېسداشلىق ۋە مۇھەببەت ئويغاتسا، چولاق مەخسۇم
ۋە ھاجى بەگدەك ئادالەتنىڭ قاتىللىرىغا تولۇپ تاشقان
غەزەپ-نەپرەت ئويغىتىدۇ.

«قەشقەر كېچىسى» داستانى يالغۇز مۇشۇ تېما بىلەنلا چەك-
لەنمەيدۇ. شائىر يەنە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ، ئاشۇ تۈپ زىددى-
يەتنى چۆرىدىگەن ھالدا يانار تاغ ھالىتىدە تۇرغان قەشقەرنىڭ
40-يىللىرىدىكى ئومۇمى ۋەزىيىتىنى تارىخىي ماتېرىيالىزم
نۇقتىئىنەزىرى بويىچە كۆزىتىپ، يۈز بەرگەن رېيال تارىخىي
ۋەقەلەر ئۈستىدىن ئادىل يەكۈن چىقىرىدۇ، يەنى ئۈچ ۋىلايەت
مىللى ئىنقىلاۋىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ جۈملىدىن قەشقەرگە
كۆرسەتكەن تەسىرى، ئۇ جايلاردىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى
ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى ئىنقىلاۋى كۈچلەرنىڭ ئەمەلىي پائالى-

يەتلىرى، گومىنداڭنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك سىياسىتى، 1946 ـ يىلى ئىمزالانغان "بىتىم سىياسىتى" ۋە "بىتىم"گە قارشى گومىنداڭنىڭ ئاشكارا بۇزغۇنچىلىقى... قاتارلىق زور تارىخىي ۋەقەلەر جانلىق بەدىئىي ئوبراز ۋاستىسى ئارقىلىق قايىل قىلارلىق دەرىجىدە، مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. مۇشۇ نۇقتىدا «قەشقەر كېچىسى» ناملىق بۇ داستاننى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ 40 ـ يىللاردىكى تارىخىي كارتىنىسى دېيىش مۇمكىن.

«قەشقەر كېچىسى» بىر پۈتۈن مۇكەممەل سيۇژىتقا ئىگە بولغان ئېپىك داستان. لېكىن ئۇ باشقا ئېپىك داستانلاردىن قويۇق لىرىك ھىسسىياتقا ئىگە بولغانلىقىدەك تۈپ ئالاھىدىلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەلۇمكى، شېئىر شائىرنىڭ يۈرەك ساداسىدۇر. شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بارلىق ئەسەرلەر جۈملىدىن داستانلارمۇ ئەلۋەتتە ئېپىك ۋەقەلەرنىڭ قاپىيەلىك تىزمىسى بولماستىن، بەلكى ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن سۇغۇرۇلغان بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە ھىس ـ تۇيغۇغا تويۇنغان بولۇشى لازىم، يەنى ھىسسىيات ئىچىدە مەنزىرە، مەنزىرە ئىچىدە ھىسسىيات بولۇشتەك سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىدە روشەن بەدىئىي زوق پەيدا قىلالايدۇ. بەدىئىي زوق ئەدەبىياتنى باشقا ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە فورمىلىرىدىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان روشەن بەلگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىيات ساھەسىدە پەقەت ئوقۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت نوقۇل سخېماتىزىم خاھىشىغىمۇ، جۈملىدىن

مەركىزىي ئىدىيە بىلەن مۇناسىۋەتسىز، قۇرۇق تەسۋىرىي ئىبارىلەرنىڭ يىغىندىسى بولغان چاكىنا ناتۇرالىزىم خاھىشىغىمۇ قارشى تۇرىمىز. «قەشقەر كېچىسى» ناملىق بۇ داستاننىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئەنە شۇ ئىككى خىل خاھىشتىن ساقلانغاندىلا، يۈكسەك ئىجتىمائى ۋە بەدىئى قىممەتكە ئىگە نەمۇنىلىك ئەسەر يېزىپ چىققىلى بولىدىغانلىغىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

«قەشقەر كېچىسى» داستانىنىڭ ئۇتتۇقلىرىنى يەكۈنلىگەن چېغىمىزدا، بەدىئى ئىپادىلەش جەھەتتە. ئۇيغۇر مىللى ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ھالدا ئۇنۇملۇك ۋارىسلىق قىلغانلىغىدىن ئىبارەت تۈپ ئالاھىدىلىگىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. "شەكلى مىللى، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك بولۇش"— سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىيات پىرىنسىپى. بۇ ئەدەبىياتتا ئۆز مىللىتى ياقتۇرىدىغان ئەنئەنىۋى مىللى شەكىل ئارقىلىق سوتسىيالىستىك يېڭى مەزمۇنلارنى كۈيلەش دېمەكتۇر، بۇ ئىككىسى دىيالېكتىك بىرلىككە ئىگە. مىللى شەكىل، مۇقەررەركى، يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسىي ۋاستە. بىز «قەشقەر كېچىسى» داستانى ئارقىلىق شائىرنىڭ روشەن مىللى ئۇسلۇپقا ئىگە ئىكەنلىگىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەدىبىي ئۇسلۇپ ئەسەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئىچكى قۇرۇلۇشىنىڭ ئورگانىك بىرلىگىدىن ئىبارەت. يەنى ئەسەردىكى ئىدىيە بىلەن سەنئەتنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىر

پۈتۈن ئىپادىلىنىشى، بىر يازغۇچىنىڭ ئەسىرىنى باشقا بىر يازغۇچىنىڭ ئەسىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بەلگە ھېساپلىنىدۇ.

دېمەك، يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبى ئۆز خاراكتېرىنىڭ بەدىئى ئىجادىيەتتىكى كونكرېت ئىپادىلىنىشى بولۇپ، "ئۇسلۇپ يازغۇچىنىڭ ئۆزى دېمەكتۇر". بىر پارچە ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئوقۇغۇچىلاردا روشەن بەدىئى زوق ھاسىل قىلالىشى ئالدى بىلەن شۇ يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ئۇسلۇپقا ئىگە بولۇشىغا باغلىق.

يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبىي ئۇسلۇبى ئۇنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىغىنىڭ ئىپادىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇئەييەن سىنىپىي ئاساس، مىللى ئەنئەنە ۋە تارىخىي-ئىجتىمائى شارائىتتىن ئايرىلىپ، يەككە ھالدا شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچىنىڭ شەخسى ئۇسلۇبىغىمۇ سىنىپ، مىللەت، تارىخ ۋە جەمىيەتنىڭ تامغىسى بېسىلىشى چوقۇم. شۇ سەۋەپتىن بىر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق دەۋر ئۇسلۇبىدىن باشقا، بىر مىللەتنىڭمۇ ئۆز مىللى ئۇسلۇبى بولىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەدەبىياتتىكى "مىللىلاشتۇرۇش، ئاممىۋىلاشتۇرۇش ۋە شەخسى ئۇسلۇپ بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى نەرسە ئەمەس. شەخسى ئۇسلۇپ مىللىلاشتۇرۇش، ئاممىۋىلاشتۇرۇش ئاساسىغا قۇرۇلۇشى شەرت." (ماۋدۇن)

مىللىلاشتۇرۇش بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ سەنئەت ئەنئە-

نىلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭى ئەنئەنە يارىتىش-تىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خاھىشىنىڭ بىردەكلىكى، ئۇسلۇبىنىڭ ھەر خىللىقى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيا-ياتىمىزنىڭ ئاساسىي يېتەكچى روھىدۇر. بۇ يېتەكچى روھ سىڭدۇرۇلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىي قىممىتى جەھەتتىن يۈكسەكلىككە ئېرىشەلەيدۇ. پارتىيە-مىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش" فاڭجېنى ۋە باشقا فاڭجېنلىرىمۇ ئاشۇ يېتەكچى روھنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەدەبىي ئۇسلۇب ئەلۋەتتە ئىجادىيەت ئۇسۇلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇنداق بولغاچ-قا، بەدىئىي ئىجادىيەت جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبى بىر تەرەپتىن ئۆزى قوللانغان ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس گەۋدىلىك ئىندىۋىدۇئال بەلگىلىرىنىمۇ ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

«قەشقەر كېچىسى» ناملىق بۇ داستاندا، ئومۇمەن، ئەدەبىي ئۇسلۇب شەكىللەندۇرۇشنىڭ ھەممە شەرتلىرى تولۇق ھازىرلان-غان. ئالدى بىلەن ۋەقەلىكنى تاللاش ھەمدە داستاننىڭ باش تېمىسىنى بەلگىلەش جەھەتلەردە ئۇنىڭ باشقا ئەدەبىي ئەسەر-لەردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بار، يەنى داستاندا

ئاساسەن يوقسۇل ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرى لەيلىگۈل ۋە كىرىمـ
لەرنىڭ ئەركىن مۇھەببەت ئىستىكى بىلەن جاھالەتلىك فېئو-
داللىزىم تۈزۈمى ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش ئاساسىي تېما
قىلىنغان. داستاندا ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرىمۇ قىزى-
قارلىق ۋە جەلپ قىلارلىق بايان قىلىنغان. بۇ داستان ئوبراز
يارىتىش، سيۇژىتنى پىششىقلاش شۇنداقلا ئەسەرنىڭ كومپوزىت-
سىيىسىنى تۈزۈش جەھەتلەردە ئۇيغۇر كىلاسسىك داستانچىلىغى-
نىڭ ئىسىل ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان.

«قەشقەر كېچىسى» 11 باپلىق، كۆپ سيۇژىتلىق ئېپىك
داستان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەر بىر بابىنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر خەلق
قوشاقلىرى، ماقال - تەمسىللىرى ياكى كىلاسسىكلارنىڭ چوڭقۇر
پەلسەپىۋى پىكىرلىرى شۇ باپتا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيىنىڭ
خۇلاسىسى سۈپىتىدە ئېپىلوگ قىلىپ ئېلىنغان، ئاخىرىدا بولسا
شائىرنىڭ ئىچكى ھىس - تۇيغۇسى ۋە ئىدىيىۋى خاھىشى ئۇيغۇر
كىلاسسىك داستانلىرىنىڭ مىللى ئەنئەنىسى بويىچە ئادەمنى
ھاياجانلاندۇرىدىغان لىرىك مىسرالار بىلەن تۈگۈنلەنگەن.

ئايا چەرخ، بۇ سېنىڭ پەيلىڭگە لەنەت،
قارارسىز ۋەھشى شۇم مەيلىڭگە لەنەت!

نىمە بۇ مۇنچىلىك بىھۇدە ئازار،
ئاران يەتكەندە پۇرسەت ۋەسلى دىدار؟

ئەجەپ تەتۈر ئىكەن ھۆكمىڭ ھەمىشە،
مۇھەببەت ئەھلىگە زۇلمىڭ ھەمىشە!

1 ـ باپنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە يېزىلغان بۇ لىرىك مىسرالار
ئۇيغۇر رېئالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىش دەۋرىگە ھەققى
ۋەكىللىك قىلغۇچى شائىر ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ «رابىئە ـ سەئـ
دىن» داستانىنىڭ ئىپادىلەش شەكلىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ.

«قەشقەر كېچىسى» داستانىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكلىرىدىن
بىرى ئۇنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىدۇر.
ئاپتور داستاندا تىلنىڭ ئوبرازلىقلىقىغا، دەللىكىگە، ئېنىق
ۋە توغرىلىقىغا، شۇنداقلا مۇزىكىدارلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەن.
تىل ئىشلىتىش ـــ ئەدەبىي ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋاستىـ
لەرنىڭ بىرى. چۈنكى ئۇ ئەسەردىكى پۈتۈن ۋەقەلىكلەرنىڭ ۋە
ئۇ ئارقىلىق ئالغا سۈرۈلگەن پىكىرلەرنىڭ كىيىمى، ئەدەبىياتـ
تىكى ئاساسىي ماتېرىيال. ئۇ بىزنىڭ ھەممە تەسىراتلىرىمىزنى،
ھېس ـ تۇيغۇلىرىمىزنى، ئالغا سۈرمەكچى بولغان پىكىرلىرىمىزنى
شەكىلگە سالىدۇ. يازغۇچىنىڭ ماھارىتى ۋە تالانتىمۇ ئالدى
بىلەن ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى تىل ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق نامايەن
بولىدۇ. تىلنىڭ ئوبرازلىق بولۇشى، ئېنىق ۋە توغرا بولۇشى،
ئىخچام ۋە ئاممىباپ بولۇشى ھەمدە مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە
ئىگە بولۇشى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تىلىغا قويۇلىدىغان ئاساسلىق
شەرتلەر بولۇپ، ئۇنى ئۆزىدە تولۇق ھازىرلىغان ئەسەرلەر
ئوقۇغۇچىلار قەلبىدە خۇددى مىس قوڭغۇراقتەك جاراڭلايدۇ.
يولداش گو مورو «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى قانداق تەتقىق قىلىش
كېرەك؟» دېگەن ماقالىسىدا: "ئەدەبىيات تىل سەنئىتىدۇر،

شۇنىڭ ئۈچۈن تىل زۆرۈر قورال، ئومۇمەن تىلنى تاللاش، باشقۇرۇش، يارىتىشتا خۇددى ھەيكەلتاراشنىڭ قولىدىكى يۇمشاق لايدەك، رەسسامنىڭ قولىدىكى بوياقتەك ئەركىن ھالدا بىر تەرەپ قىلالىساڭ، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلەيسەن» دەيدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىپادىلەش كۈچى زور، لۇغەت تەركىۋى باي، رەڭدار، مەزمۇندار بولغان پاساھەتلىك تىللارنىڭ بىرى. شائىر «قەشقەر كېچىسى» داستانىدا تىلىمىزنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىگەن ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تېخىمۇ بېيىشى ھەم مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپە قوشقان.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ گۈزەللىكى قانداقتۇر ئەدىبنىڭ مەزمۇن بىلەن ئانچە باغلىنىشلىقى بولمىغان چۈشىنىكسىز، دەبدەبىلىك ئاتالغۇلارنى كۆپلەپ ئىشلىتىش، ياكى سۆز ئويۇنى قىلىپ مەنتىقىلىق باغلىنىشى بولمىغان سۆزلەرنى ياساپ، ھە دېسىلا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئەدەبىي تىلىغا يات ئىبارىلەرنى تىزىپ قويۇش بىلەن ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئەدەبىي ئەسەردە ئەدىبنىڭ قاتماللىقنى پەيدا قىلىدۇ، بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىي تىلىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ. تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ھەقىقى يېڭىلىق ۋە ئىجادىلىققا يېتىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، جاپاغا چىداپ ئىزدىنىش ۋە كۆپلەپ مەشق قىلىشتىن

تاشقىرى شەيئىلەر ھەققىدە مول ۋە ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇش كېرەك. نەزىرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولمىغان شائىر ھەرقانچە كۆپ ئەسەر يازغىنى بىلەن، يەنىلا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرىدە تەكرارلانغان پىكىر قېلىپىدىن سىرتقا چىقالمايدۇ، خالاس.

دىمەك، يۇقۇرقى ئالاھىدىلىكلەر «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستاننىڭ ئۇلگىلىك ئەسەر بولۇپ قېلىشىدىكى تۈپ سەۋەپلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ داستان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات گۈلزارلىقىدىكى ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئى قىممىتىنى يوقاتمايدىغان تېپىك ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ.

ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ داستانچىلىق ئىجادىيىتىدە بىرقانچە يىللاردىن بېرى ئۇمىتلىك ۋە ئىستىقباللىق قوشۇن بولۇپ شەكىللىنىۋاتقان ياش كۈچلەرنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى كىشىنى خوشال قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر ئىچىدە ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئىجادىي تىرىشچانلىققا ۋە جۇشقۇنلۇققا ئىگە بولغان ياش شائىرلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىسى ئاساسىي سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ياش شائىرلاردىن قۇربان باراتنىڭ «قىزىلگۈل»، ئارسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى»، ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «پولات» ناملىق داستانلىرى بۇ جەھەتتە بىرقەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرغا ئىگە.

شائىر قۇربان بارات «قىزىلگۈل» ناملىق داستاندا خەلق

ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ، دەۋرىمىز ئۈچۈن ئەھ-
مىيەتلىك بولغان تېمىنى ئالغا سۈرگەن.

شائىر داستانىنىڭ كىرىش قىسمىدىلا:

بۇ رىۋايەت كېلەر قەدىم زامانلاردىن،
ساۋاق بېرىپ ياخشى بىلەن يامانلاردىن.
بوۋىلارنىڭ نەۋرىلەرگە ھىكايىتى،
ئۆتكەن قارا ئەسىرلەردىن شىكايىتى.

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق بۇ رىۋايەتتىن پايدىلىنىشنىڭ مەقسىدىنى شېئىرىي يول بىلەن ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن شائىر بۇ داستاندا يالغۇز يىنىۇ بىلەن نىلا ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي ۋاپادارلىقنى مەزمۇن قىلغان رىۋايەت ۋەقەلىكى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان يېڭى شېئىرىي پىكىرلەر ئارقىلىق داستاننى قويۇق ئىجتىمائىي تۈسكە ئىگە قىلىدۇ. داستان:

قىزىلگۈل دەپ ئەزىزلەيدۇ يورۇق ئالەم،
بەختلىكتۇر چىن كۆڭۈلدىن سۆيگەن ئادەم.

دېگەن مىسرالار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ يەردە سۈپەتلىنىۋات-
قان قىزىلگۈل تەبىئەت دۇنياسىدىكى گۈل بولماستىن، بەلكى شائىرنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىدا ئالغا سۈرمەكچى بولغان سىياسى خاھىشىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىدۇر. يەنى ئاپتور ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنىۋى ساپلىقى، روھىي دۇنياسىنىڭ گۈزەللىكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى، ئۇزئارا سىنىپىي مېھرىۋانلىقى

قاتارلىق ئالىجاناپ پەزىلەتلىرىنى ئىجادىي ماھىرلىق بىلەن قىزىلگۈلگە تەڭلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلاردا بىر خىل ئىستېتىكىلىق سېزىم پەيدا قىلىدۇ. رىۋايەت ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن پايدىلىنىش مەسىلىسى نوقۇل ھالىدا خەلق ئارىسىدىكى ھېكايە-لەرنى ھازىرقى زامان تىلى بويىچە شېئىرلاشتۇرۇپ قويۇش دىگەنلىك ئەمەس، پەقەت شۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنسە، ئۇنىڭ قىممىتى خۇددى كونا كىيىمنى ئۆزۈپ كىيگەنگە تەڭ بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى «قىزىلگۈل» داستانىغا ئوخشاش ئىجاتكارلىق بىلەن مەلۇم ئىجتىمائى غايە ۋە نىشان ئاستىدا ئۇنى قويۇق دەۋر روھىغا ئىگە قىلىش كېرەك. ئىجادىيەت تەييارغا ھەييار بولۇشنى ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر كۈچىگە تايىنىپ قايىل قىلارلىق ۋە ئىشەندۈرەرلىك دەرىجىدە ئىجادىي پىكىر قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «قىزىلگۈل» داستانىنىڭ ئۈلگىلىك بولۇپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ جامائەت ئىچىدە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولۇشىنىڭ ئاساسىمۇ ئەنە شۇ يەردە.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان داستانچىلىقىدا بىرقەدەر ياخشى لىرىك داستان سۈپىتىدە ياش شائىر ئارىسلاننىڭ «يۇلتۇزلار يۇرتى» ناملىق داستانىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇ داستاننىڭ ئاساسىي ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەزەلدىن ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم تېمىسى بولۇپ كەلدى. قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل شېئىرىي مىسرالىرىنى ئۆز

ۋەتىنىگە بېغىشلىدى.

ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر خىل ئابستراكىت كەڭ چۈشەنچە بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان مەزمۇن ۋە شەكىللەرگە ئىگە بولىدۇ. تۇغۇلغان يېرىنى قەدىرلەش، يۇرتىنى قوغداش ۋە سېغىنىش، ئانا يۇرتىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ئىختىراسى ۋە كەشپىياتلىرىنى قەدىرلەش، ئەجداتلىرىنىڭ مۆجىزىلىك تارىخىنى ئۇزۇپ قويماسلىق قاتارلىق مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى.

شائىر «يۇلتۇزلار يۇرتى» داملىق داستانىدا ئۆزىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئورۇنلۇق ھالدا ئانا يۇرتىنىڭ ئىپتىخارى ۋە سىمۋولى بولغان تيانشان تاغلىرى ئۈستىگە مەركەز-لەشتۈردى.

شائىر داستانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە:

كەل نىگار كۆيلەيلى تاغ-دەريانى بىز،
باشلايلى مەڭگۈلۈك تۈگىمەس داستان.
ئۈزمەيدۇ ئەۋلاتلار قالغان قىسمىنى.
ئۈزۈلمەس تارىخقا شاھىت تيانشان.

دەپ يېزىپ، داستاندا ئالغا سۈرمەكچى بولغان پىكىرگە يول ئاچىدۇ، تيانشاننى كۆيلەشنىڭ سەۋەپلىرىنى ئىخچام ۋە ئوبراز-لىق بايان قىلىدۇ. ئارقىدىنلا ھېسسىيات تولۇپارىغا مىنىپ، ئانا يۇرتىنىڭ ئۈزۈلمەس تارىخقا شاھىت بولغان تيانشانغا سەپەر

قىلدۇ:

چىقىمەن ھەر تاڭدا ياقۇت چوققاڭغا،
كۆز سېلىپ رەڭلەرگە تولغان جاھانغا.
تىيانشان تاغلارنىڭ ئانىسىمۇ سەن،
سەن ئالتۇن بۆشۈكسەن باتۇر ئوغلانغا.

شائىر تىيانشانغا ئەنە شۇنداق يۈكسەك مۇھەببەت بىلەن قاراپ، ئۇنى باتۇر ئوغلانلارنىڭ ئالتۇن بۆشۈككە تەڭلەشتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە تىيانشاندىن ئىبارەت بۇ ئانا يۇرتنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىنى ھاياجانغا تولغان ئوتلۇق مىسرالار بىلەن سۈپەتلەپلا قالماستىن، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، ئاشۇ تىيانشان بىلەن نەپەسداش بولغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ياراتقان ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى، تىللاردا داستان بولغىدەك قەھرىمانلىق جاسارىتىنى، تىيانشان تاغلىرىدەك پۈكۈلمەس ئىرادىسىنى نۇقتىلىق ھالدا تېپىكلەشتۈرۈپ، تىيانشاندىن ئىبارەت بۇ ئۈزۈلمەس يىپقا مارجاندەك تىزىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىنى بەدىئىي يول بىلەن سۈرەتلەپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتىدا داستاندىكى ۋەقەلىكنى مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ شېئىرىي كارتىنىسى دەپ ئاتاشقا ھەقلىقمىز. شائىرنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇرىدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشۇنداق ئۆلمەس مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە تارىخىي قىسمەتلىرىگە تىيانشان گۇۋا بولىدۇ.

«يۇلتۇزلار يۇرتى» ناملىق داستاننىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى شۇ يەردىكى، شائىر بۇ داستاندا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىنى خەلقنىڭ تارىخى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن، شۇنداقلا ئابستراكت ئۇقۇم دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالماستىن، كونكرېت ۋەقەلىكلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى تېپىكلەشتۈرگەن. بۇ داستاننىڭ ئۆزىگە خاس يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا شەيئىلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

شائىر بولغان كىشى ئۆز نۆۋىتىدە پەيلاسوپتۇر. ئەدىبىيات رىيال تۇرمۇشنىڭ ئەينەن كۆچۈرۈلمىسى بولمىغىنىدەك، شېئىرىي ئەسەرلەرمۇ رىياللىقنىڭ قاپىيىلىك تىزمىسى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، شائىرنىڭ ۋەزىپىسى يالغۇز رىيال دۇنيانىڭ مۆجىزىلىك ھادىسىلىرىنى سۈرەتلەپ بېرىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ دۇنيانىڭ ماھىيىتىنى كىشىلەرگە ھېس قىلدۇرۇش ۋە تونۇتۇش، ئوقۇغۇچىلارنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. دۇنيانى تونۇشتىن مەقسەت دۇنيانى ئۆزگەرتىش، ئەلۋەتتە. ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، سىمۋول، تەقلىت قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۇيغۇر كلاسسىك پوئېزىيىسىنىڭ ئىسىل

ئەنئەنىسى ھىساپلىنىدۇ. بولۇپمۇ لىرىك ئەسەرلەردە تېخىمۇ شۇنداق. مۇشۇ جەھەتتە شائىر ئارسلان «يۇلتۇزلار يۇرتى» ناملىق بۇ داستاندا كۆرۈنەرلىك ئەمگەك سىڭدۈرگەن.

قىلىچتا ئادەمنىڭ ئۆلمىگى ئاسان،
ۋە لېكىن ئۆلمەيدۇ ئانا يەر-ئاسمان.
يەر-ئاسمان ئۆلمىسە تۇغمامدۇ قايتا،
ئۆزىدەك ئەبەدى ئۆلمەس قەھرىمان.

يەر جىسمى ئايلىنىپ كەتسىمۇ چاڭغا،
قايتىپ ئۆز يۇرتىغا قونار ئاخىرى.
تىيانشان ئاسمىنى تۇققان ھەر يۇلتۇز،
تىيانشان باغرىغا ئاقار ئاخىرى.

مانا بۇ مىسرالاردىكى پەلسەپىۋى پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇغى ئوقۇ-غۇچىلارنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى ۋە قىممىتىنى ئاددى سۆز بىلەن قايتا شەرھىلەپ بېرىش ھاجەتسىز بولسا كېرەك.

شېئىرىي پىكىرنىڭ كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى شائىرنىڭ مول ئىجتىمائىي بىلىمى، دۇنياقارىشى، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىش ئىقتىدارى قاتارلىقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە ئالا-ھىدىلىكلىرىنى چوڭقۇر ئىگەللىگەندىلا، ئۇنىڭغا تەققاس قىلىنغان ئوبرازلىق ۋاستىلەرنىڭ دەلمۇ-دەللىگى بارلىققا

كېلىپ، شېئىردىي ئەسەرلەرنى ھەم چوڭقۇرلۇقتا، ھەم ئىخ-
چاملىقتا ئىگە قىلىدۇ. ئەدەبىياتتا ئىستىلىستىك ۋاستىلار يالغۇز
ئەسەرنى بەدىئى جەھەتتىن گۈزەللىككە ئىگە قىلىش رولىنىلا
ئوينىمايدۇ، مۇھىمى ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيىۋى مەزمۇننى تېخىمۇ
چوڭقۇرلىتىش، تېخىمۇ غايىۋىلەشتۈرۈش ۋە تېخىمۇ تېپىكلەشتۈ-
رۈش رولىنى ئوينايدۇ.

ئەسىرلىك ياشلىرىڭ مەڭزىمدىن ئاقسۇن،
شاتلىقىڭ دىلىمغا مەشئەللەر ياقسۇن.
دەريالار چېچىڭدەك چىرمىسۇن مېنى،
ئانجان ئايىغىڭ مەڭگۈ ياستۇغۇم.

زېچ مەنتىقىلىق باغلىنىشقا ئىگە بولغان بۇ مىسرالاردا شائىر تىيانشاننى ئانىغا ئوخشىتىپ، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل تەقدىرىنى ئاشۇ ئانىنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلايدۇ. شائىر داستانىنىڭ 6-بابىدا تىيانشاننىڭ ئىپتىخارى، ئوت يۈرەك شائىر ۋە ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئۆلمەس ئىش-ئىزلىرىنى بەدىئى ۋاستىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ناھايىتى ئىخچام ھالدا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇتەللىپنىڭ شانلىق ئوبرازىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ:

ئۇ مىنىپ يىللارنى ھۆرلۈكنى كۈيلەپ،
يارغانتى زۇلمەتنى بىر چاقماق بولۇپ.
بىر ئۆمۈر سىلكىگەن يەرنى قوچاقلاپ
ئۇيقۇلۇق ئانىنى ئويغاتماق بولۇپ.

شائىر بۇ يەردە ھەممىگە ئايان بولغان ۋەقەلىكنىڭ جەريانـ لىرىنى بىھۇدە تەكرارلاپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ماھىرلىق بىلەن بەدىئىي دېتال ئىشلىتىپ، تامچە سۇدىمۇ قۇياش نۇرى ئەكس ئەتكىنىگە ئوخشاش، كونكرېت ئوبرازغا ئىگە بولغان ئىخچام مىسرالار ئىچىگە زور ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى قاچىلايدۇ.

ئادەم بىر تۇغۇلۇپ ئۆلىدۇ بىر رەت،

ئۇ ئۈچ رەت تۇغۇلدى، ئۆلۈپ ئىككى رەت.

كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بۇ ئىككى مىسرادا ئۆزئارا سىڭىشتۇرۇۋېتىلگەن ئارقىلىق مۇتەللىپنىڭ شانلىق ھاياتى بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي جەريانلار يەكۈنلەنگەن. يەنى مۇتەللىپنىڭ ئۆز ئانىسىدىن تۇغۇلۇشى، ئازاتلىقتىن كېيىن 2 ـ قېتىم سىياسى ھاياتقا ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ئۆلمەس روھىنىڭ قايتا تىرىلىشى، لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن 3 ـ قېتىم ھاياتلىققا ئېرىشىپ، خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك ھەيكەل بولۇپ تىكلىنىشىدىن ئىبارەت ئۇنتۇلماس ئۈچ تارىخىي جەريانىنى پەقەت "ئۇ ئۈچ رەت تۇغۇلدى" دېگەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، «يۇلتۇزلار يۇرتى» ناملىق بۇ داستان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن 30 يىلدىن بۇيانقى داستانچىلىق ئىجادىيىتىمىزدە مۇئەييەن ئورۇن تۇتىدۇ.

* * *

بىز يۇقۇرىدا شەرھلەپ ئۆتكەندەك، ئازاتلىقتىن بۇيانقى داستانچىلىق ئىجادىيىتىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر ئۇيغۇر

ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا داستانچىلىقنىڭ ئۆمىتلىك بىر ساھە ئىكەنلىگىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىدىن قارىغاندا، ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىردەك تەكشى بولمايدۇ. يەنى ھەر خىل تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدا پىروزا ژانىرى بىرقەدەر تەرەققى قىلغان بولۇشى، يەنە بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا ئۇنىڭ ئەكسىچە شېئىر ياكى دىراما ژانىرى تەرەققى قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، داستانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ بىرقەدەر گەۋدىلىك ئىكەنلىگىنى ئۇچرىتىمىز. كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتىمىزدىكى داستانچىلىق ئەنئەنىسى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق مىللى ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغىنىغا ئوخشاش، ئازاتلىقتىن بۇيانقى ئەدەبىياتىمىزدا بارلىققا كەلگەن خېلى كۆپ داستانلارنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئىگە بولۇشىمۇ ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاشۇ مىللى ئەنئەنىسىدىن ئايرىلمايدۇ، لېكىن جەمىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ نۇقتىنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمىغىنىدەك، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنى ئۈزۈپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقان مىللى ئەنئەنە مەسىلىسى ئەدەبىياتىمىزنىڭ بەدىئى ئىپادىلەش شەكلى ۋە ئۇسۇلىغا قارىتىلغان.

بىز ئازاتلىقتىن بۇيانقى ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ تەرەققىياتىدا

داستانچىلىقنىڭ تۇتقان ئورنى ۋە ئۇ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن دەسلەپكى نەتىجىلىرىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، يەنە ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشقا ژانىرلىرىغا ئوخشاشلا داستانچىلىق ئىجادىيىتىدىمۇ بىھسىپ ئۆتكەن يولىمىزنىڭ ئەگرى-توقايلىقىنى ۋە قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك تەجرىبە-ساۋاقلارنىڭ مەۋجۇت-لۇغىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز لازىم.

دەرۋەقە لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" ئاغدۇرۇلغان-دىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ژانىرلىرى بويىچە ناھايىتى تېز گۈللەپ ياشناش كەيپىياتى بارلىققا كەلدى ۋە كەلمەكتە. لېكىن دەۋرىمىزنىڭ يۈكسەك تەلىۋىدىن قارىغاندا، يەنىلا ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىدىن خېلى يىراقتا تۇرىدۇ. ھازىرقى داستان ئىجادىيىتىدە 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدا بىرىنچى سەپتە كۆرەش قىلىۋاتقان، يۈكسەك كوممۇنىستىك ئېتىقات ۋە غايىگە ئىگە قەھرىمانلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان داستانلار ھېلىمۇ ئاز. بىز ئەدەبىياتتا تېمىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىنى تەكىتلەش بىلەن بىللە، كىشىلەرنى سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىم روھىدا تەربىيىلەيدىغان ئاكتۇئال تېمىلارنى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم. 30 يىللىق ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىھسىپ ئۆتكەن يولىنى ماركسىزىملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ پىرىن-سىپلىرى بويىچە تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا، داستانچىلىق ئىجادىيىتىدىمۇ سخېماتىزىم ۋە قېلىپبازلىق خاھىشىنىڭ ئىپادى-

لىرىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ ئالدى بىلەن تېما تاللاش مەسىلىسىدە ئىپادىلەنمەكتە. بۇنداق خاھىشنى 30 ـ يىللارنىڭ بېشىدىلا ماكسىم گوركى "كىشىلەرنى ئۇمىتسىزلەندۈرىدىغان يىغلاڭغۇ ئەدەبىيات" دەپ تەنقىتلىگەن ئىدى. بىز ھامان ئالغا قاراپ، يىراقنى كۆرىدىغان يۈكسەك سىياسى سەۋىيىگە ۋە قىزغىنلىققا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. ماركسىزىملىق ئەدەبىيات ھامان پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى "خەلقى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، خەلقنى تەربىيىلەش، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش، دۈشمەننى يوقىتىش"تىن ئىبارەت. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەنە شۇ سىياسى ۋەزىپە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئاساسلىق ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەندە، شۇنىمۇ ئەسكەرتىش زۆرۈركى، 30 يىلدىن بۇيانقى بەزى داستانلارنىڭ بەدىئى چىنلىقى ۋە تۇرمۇش پۇرىقى ئانچە قويۇق ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى يازغۇچىلارنىڭ بىۋاستە ھالدا خەلقنىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن ئۆگىنىشكە ۋە ئەدەبىياتنىڭ بۇ پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنبەسىدىن ئوزۇقلىنىشقا سەل قارىغانلىقى، كىتاۋى بىلىمگىلا تايىنىپ، ئەمەلىي بىلىمگە ئەھمىيەتسىز قارىغانلىقى، قىسقىسى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىگەللەشكە ماھىر بولمىغانلىقىدىن ئىبارەت. خۇددى لۇشۈننىڭ "بۇلاقتىن چىققاننىڭ ھەممىسى سۇ، تومۇردىن چىققاننىڭ ھەممىسى قان"

دىگەنگە ئوخشاش، رىيال تۇرمۇشنى بىۋاسىتە ئۆگىنىش بىلەن ۋاستىلىق ئۆگىنىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم پەرق بولىدۇ. بىز خەلقنى تەسىرلەندۈرىدىغان تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئۆلمەس داستانلارنى ئىجات قىلىش ئۈچۈن ھەمىشە رىيال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ئايرىلماسلىقىمىز لازىم. بۇ مەسىلىگە يالغۇز بىر خىل سىياسى تەشەببۇس سۈپىتىدىلا مۇئامىلە قىلماستىن، ئۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىدىيە جەھەتتىن ھەقىقى تونۇشىمىز كېرەك.

قىسقىسى، ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ ئازاتلىقتىن بۇيانقى تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئەتراپلىق يەكۈنلەپ، يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇلگىلىك داستانلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئۆگىنىشىمىز ھەمدە شۇ ئاساستا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان نەمۇنىلىك داستانلارنى كۆپلەپ يارىتىپ، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئەدەبىيات غەزنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

1981-يىل 7-ئاي.

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئەمگەكچان ۋە پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىختىن بېرى نۇرغۇنلىغان شانلىق مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي ۋە رەڭمۇ-رەڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئىجادىيىتى بىلەن كلاسسىك يازما ئەدەبىياتى ئۇيغۇر مىللى تۇرمۇش مۇھىتىدا شەكىللەنگەن ئەنە شۇ پارلاق مەدەنىيەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقى ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى ئىقلىم شارائىتىنىڭ تەسىرىدە ئۆزلىرى ياشىغان زېمىننى قەدىمقى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر ئوچىقىغا ئايلاندۇردى. پىروفېسسور فېڭ جياشېڭ: "شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ تارىختا مەدەنىيەت رايونى بولۇپ كەلگەن" دەپ كۆرسەتكىنىدەك ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئوبېكتىپ ئەمەلىيىتىنى نەزەردە تۇتقان ئىدى.

دەرۋەقە، مەدىنىيەت تارىخى خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسرلەردىن بۇيان ياراتقان ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز پەقەت ئەنە شۇ كەڭ مەدىنىيەت بايلىـ غىنىڭ بىر ئۇلۇشى ھىساپلانغان بەدىئى ئەدەبىيات جەھەتتىكى مىراسلىرىمىز ۋە ۋەسىقىلىرىمىزنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئەجداتلىرىـ مىزنىڭ ئىجاتكارلىق روھىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىمىز. «ئوغۇزنامە» ئېپوپىيىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بۇددىزىم مەدەـ نىيىتى دەۋرىدە يارىتىلغان «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئالتۇن يارۇق»، «مايتىرسىمىت» قاتارلىق تەرجىمە ئەدەبىياتىدىن تارتىپ ئورخون ئۇيغۇر قاغانلىغى دەۋرىدە تارىخىي شەخسلەرنىڭ يادنامىلىرى سۈپىتىدە ئورنىتىلغان «مەڭگۈ تاش» پۈتۈكلىرى، ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى، ئىلمىي ۋە بەدىئى قىممىتى جەھەتتىن دۇنيا مەدىنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىككى شاھ ئەسەر — «تۈركى تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائى، پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ داۋامى بولغان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى، خاقانىيە مىللى مەدىنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ مۇناسىپ ۋارىسى ۋە راۋاجى تەرىقىسىدە ئۇيغۇر تىلىنى جەۋلانغا كەلتۈرۈپ، يەنە بىر ئاجايىپ سەلتەنەتلىك گۈزەل شېئىرىيەت دۇنياسىنى ئاچقان ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى بولۇپمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پىر ئۇستازى ئەلىشىر ناۋايىنىڭ نەزمە داستانلىرى، شېئىرىيەتنىڭ ئۆزۈلمەس دولقۇنـ لۇق ئېقىنىنى ھاسىل قىلىپ 17 ـ ئەسىردىن تاكى 20 ـ ئەسىرـ

نىڭ باشلىرىغىچە ئۆتكەن خىرقىتى، زەلىلى، نوبىتى، گۇمنام، قەلەندەر، سەبۇرى، نىزارى، غېرىبى، موللا بىلال، تەجەللى... لەرنىڭ دىۋانلىرى قاتارلىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى غەزىنىسىنىڭ نادىر ئۆلگىلىرى ھەقىقەتەن ئەجداتلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت يارىتىشتا ئۆز زىممىسىگە چۈشكەن شەرەپلىك مەجبۇرىيىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا مەلۇم ئىزچىللىق بولىدۇ. خۇددى بۈگۈنكى ئەدەبىيات ئۆتكەننىكى ئەدەبىياتنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغىنىغا ئوخشاش، كلاسسىك يازما ئەدەبىياتمۇ ئالدى بىلەن ئىنسانىيەت شەكىللىنىش بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ مەنىۋى پائالىيىتىگە ماس ھالدا بارلىققا كەلگەن خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدۇر. بىر پۈتۈن مىللى مەدەنىيىتىمىزگە ئوخشاش، بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزمۇ بىر دەۋردە، بىر رايوندا، مەلۇم شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدا تاسادىپىلا ئىجات قىلىنغان سۈنئى شەجەرە بولماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىخى دەۋرلەر مابەينىدە كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن يارىتىلغان ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ئانىنىڭ سۈتىدىن ئوزۇقلىنىش ئارقىلىق ئۆسۈپ زورايغان. شۇنىڭ ئۈچۈن كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى ۋە مىللى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆگەنگەن ھەم تەكشۈرگەندە، مۇقەررەركى، خەلق ئېغىز ئەدە-

بىياتىنىڭ كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت مۇھىم تېمىدىن چەتنەپ ئۆتۈش زادى مۇمكىن ئەمەس.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن كىلاسسىك يازما ئەدەبىيات ئارىسىدا دىيالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋىتى بار، يەنى ئۇلار ھەم ئۆزئارا پەرقلىق، ھەم ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك. بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ بەدىئى ئەدەبىياتىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم مەنىدە، ئەدەبىيات تارىخىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش تارىخى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشىدا ئوينىغان رولى ئىنتايىن كەڭ ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ بىر قاتار نەزىرىيىۋى، ئەمەلىي مەسىلەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازما ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى بۇنداق ئىنتايىن زىچ ۋە مۇرەككەپ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئىگەللەپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈشتە چوڭقۇر نەزىرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككى خىل ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغاندا، ئالدى

بىلەن مۇنداق بىر ئاساسىي نەزىرىيىنى، يەنى خەلق ئاممى-سى-نىڭ جەمئىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى رولى مەسى-لىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم. چۈنكى دەل مۇشۇ مەسى-لىدە تارىخىي ماتېرىيالىزىمچىلار بىلەن تارىخىي ئىدىيالىزىمچىلار ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن پرىنسىپلىق ئىختىلاپ ۋە نەزىرىيىۋى كۈرەش ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلدى.

تارىخىي ماتېرىيالىزىمچىلار ئىزچىل ھالدا، خەلق تارىخنى ياراتقۇچىلار، شۇنداقلا يەنە مەدەنىيەت تارىخىنىڭ خوجايىنلىرى دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، تارىخىي ئىدىيالىزىمچىلار خەلق ئامما-سىنىڭ تارىختىكى رولىنى پۈتۈنلەي نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت يارىتىش ئىختىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇپتىن ئىنكار قىلىدۇ ھەمدە خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىنى زادىلا ئەدەبىيات-سەنئەت دەپ ھىساپلىمايدۇ.

تارىخىي ماتېرىيالىزىم: خەلق، پەقەت خەلقلا دۇنيا تارىخى-نى ياراتقۇچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، دەپ قارايدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھالقىسى بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى ھەقى-قى ئىگەللىگەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ئىدى. مانا بۇ خەلق ئاممىسىنىڭ جەمئىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم رولىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتى-شىمىزنىڭ ئاساسىدۇر. ھەقىقەتەن، ماكسىم گوركى ئېيتقاندەك: "خەلق پەقەت بارلىق ماددى بايلىقلارنى ياراتقۇچى كۈچلا

ئەمەس، بەلكى ئۇ بىردىن-بىر پۈتمەس- تۈگمەس مەنىۋى بايلىق مەنبەسى. مەيلى ۋاقىت جەھەتتىن بولسۇن، ياكى گۈزەللىك ۋە ئىجادىي دانىشمەنلىك جەھەتتىن بولسۇن، خەلق ئومۇمەن بىرىنچى پەيلاسوپ ۋە شائىردۇر." گوركى يەنە: "خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ ئاساسى ۋە سۈت ئانىسى" دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

ئۇزاق ئەسىرلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، خەلق ئاممىسى نەچچە يۈز مىڭ يىللار مابەينىدە ياراتقان تىل گۆھەر-لىرىنى ئەڭ گۈزەل مىسرالارغا تىزىپ، ئۇنى يازغۇچىلارغا بەخش ئەتتى؛ خەلق ئۆزلىرى ئىجات قىلغان ئېغىز ئەدەبىياتى-دىكى ھەر خىل تۈر ۋە ژانىرلار بىلەن يازما ئەدەبىياتقا جانلىق ئىجادىيەت شەكىللىرىنى تەييارلاپ بەردى؛ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ خىل تېمىلىرى ۋە مول ئىدىيىۋى مەزمۇنلىرى يازغۇچىلارنى كەڭ تېما ھەم ۋەقەلىكلەر بىلەن تەمىنلىدى. ئەڭ مۇھىمى، خەلق ئۆزلىرى بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي مۇساپىگە ماس ھالدا، ئۆزلىرىنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىدە"مەڭگۈ گۈزەللىك"كە ئىگە بولغان ھەر خىل قەھرىمانلار ئوبرازلىرىنى يارىتىش ئارقىلىق، يازغۇچىلار ئىجادىيىتىدە ئاتاقلىق دۇنياۋى تىپىك ئوبرازلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە قىممەتلىك ئاساس سېلىپ بەردى؛ خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە نامايەن قىلغان كەڭ تەسەۋۋۇر ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر ئىقتىدارى بىلەن يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى قاناتلاندۇردى.

تۆۋەندە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرىنى بىرقانچە تەرەپلەردىن تەكشۈرۈپ ئۆتەيلى.

بىرىنچى، تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە.

دۇنيانىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرى ئىچىدە، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى رىيالىزىم ۋە ئاكتىپ رومانتىزىم روھىغا ئىگە بولغان يازغۇچىلار شۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەتتە ئۇلۇغ نەتىجىلەرگە ئېرىشەلىدىكى، ئۇلار ئۆز ئىجادىيىتىدە تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتلەردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مول خەلقچىللىقىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ-غايىلىرىنى ئىپادىلىدى. قەدىمقى يۇنان شائىرى گومېرنىڭ «ئىلىيادا» ۋە «ئودىيسسا» داستانلىرى گرېك ئىپتىدائى ئەپسانە-رىۋايەتلىرىنىڭ تېمىسى ئاساسىدا ئىجات قىلىنغان. نەپىس سەنئەت جەھەتتە قەدىمقى يۇناندىكى ھەيكەلتاراشلىق، لوۋھىغا رەسىم چۈشۈرۈش ئىشلىرىدا شۇنىڭدەك رىمنىڭ فېئوداللىق دەۋرىدە تاملارغا رەسىم سىزىش ئىشلىرىدىمۇ پۈتۈنلەي دىگۈدەك يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ھېكايىلەر ئاساسىي تېما قىلىنغان. ھەقىقەتەن ماركس كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك: "يۇنان ئەپسانىلىرى يۇنان سەنئىتىنىڭ قورال ئامبىرىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تۇپرىغى"[1] بولغان.

---

[1] «ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 1-كىتاپ، 194-بەتكە قاراڭ.

ئىلمىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدىمۇ بۇنداق ئەمىلىي مىساللار كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى ياشىغان ئىلىمىزنىڭ تۇنجى ئۇلۇغ شائىرى چۈ يۈەنىنىڭ «توققۇز نەزم»، «تەڭرىگە سوئال»، «جۇدالىق زارى»، «جۆيىزىگە مەدھىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرى شۇ دەۋرلەردىكى خەلقنىڭ قوشاقلىرى ۋە ئەپسانىلىرىنىڭ تەسىرىگە خېلى قاتتىق ئۇچرىغان. بولۇپمۇ «توققۇز نەزم» بىلەن «تەڭرىگە سوئال» خەلق قوشاقلىرىنىڭ تېمىسىنى بىۋاستە قوبۇل قىلغان.

ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىن چۈ يۈەن بىۋاستە ھالدا خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى خەلقچىللىق ۋە رېيالىزملىق روھنى ئۆز ئىجادىيىتىگە ئۆزلەشتۈرگەن ۋە يېتەكچى قىلغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، روشەن سىياسى خاھىش، گۇمانىزملىق ئىدىيە كېيىنكى ئەسىرلەردە ياشىغان يازغۇچى، شائىرلارنىڭ خەلقنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتىدىن ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئەڭ دەسلەپكى پارلاق ئۈلگە بولدى.

لى بەي چۈ يۈەنگە ئوخشاشلا سىياسى جەھەتتە ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمران ئاقسۆڭەكلەرگە خوشامەت قىلىشنى خالىمىغاچقا، تەبىئى يوسۇندا تۆۋەن قاتلامغا ھەمداشلىق قىلىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن تەقدىرداش بولغان. شۇڭا ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا قويۇق رېيالىزملىق تۇسكە ئىگە بولغان «مەھكىمە قوشاقلىرى»نى چوڭقۇر ئۆگەندى ۋە ئۇنىڭدىن ئۇزۇقلاندى. لى بەينىڭ 900 نەچچە پارچە شېئىرىي

ئەسىرى ئىچىدە «مەھكىمە قوشاقلىرى»دىن تېما قىلىنغىنى خېلى زور سالماقنى (ئالتىدىن بىرىنى) تەشكىل قىلىدۇ.

دۇ فۇ ۋە ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك ياشىغان بەي جۈيىي تاڭ سۇلالىسىنىڭ خاراپلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن دەۋرىدە ياشىغان بولۇپ، تۇرمۇشتا سەرسانلىق-سەرگەردانلىقنىڭ ئاچچىق تەمىنى راسا تېتىغان بولغاچقا، تەبىئىي يوسۇندا يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ خەلققە يېقىنلاشقان، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بولۇپمۇ «مەھكىمە قوشاقلىرى»نىڭ رېئالىزىملىق جەڭگىۋار ئەنئەنىسىنى چوڭقۇر سىڭدۈرگەن.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار تېمىسىدىن پايدىلىنىپ ئىجات قىلىنغان شېئىرىي ئەسەرلەردىن باشقا، ئېلىمىز ئەدەبىيات تارىخىدا ئاشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن بارلىققا كەلگەن سەھنە ئەسەرلىرى، رومان، قىسسىلەرمۇ ئاز ئەمەس. يۈ سۇڭلىنىڭ «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» ئاساسەن خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئۆزىگە تېما قىلغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى 100 دىن ئارتۇق ھىكايە پۈتۈنلەي دىگۈدەك خەلق ئىچىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىشىدىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن باشقا، «غەرپكە ساياھەت»، «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»كە ئوخشاش داڭدار رومانلار خەلق ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئەپسانە-رىۋايەتلەرنى ئۆزىگە ماتېرىيال قىلغاندىن تاشقىرى، تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەت-

تىن ئېلىمىزنىڭ خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدە ئورگىناللىقتا ئىگە بولغان مەزمۇنلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان.

ۋەتىنىمىز ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس تەركىۋىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمۇ يۇقۇرقى ئورتاق قانۇنىيەتتىن زادى مۇستەسنا ئەمەس.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ توّپ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ خەلقچىللىغى ۋە باشتىن-ئاخىر قويۇق رىيالىزىملىق روھ بىلەن رومانتىزىملىق غايىنى ئۆزىگە سىڭدۇرگەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىجتىمائى مەنبەسىنى مۇلاھىزە قىلغاندا، شۇبھىسىزكى، ئۇ ئىزچىل ھالدا باي ۋە گۈزەل ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېمىسىغا ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىغىدىن ئايرىلمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىيات تارىخىي زادى قايسى ئەسىردىن باشلىنىدۇ دىگەن مەسىلىدە ھازىرغىچە قاراش بىردەك ئەمەس. ئۇيغۇرلار تارىختا كوّپ خىل يېزىق ئىشلەتكەن ۋە بىرنەچچە دىنغا ئېتىقات قىلغان. كوّپ خىل يېزىق ۋە كوّپ خىل دىنىي ئېتىقات ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيىلىك پىكىر قىلىش تارىخىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئالغا سۇرۇشتە تۇرتكىلىك رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن قەدىمقى يېزىقتىكى مەدىنىيەت مىراسلىرىنىڭ دەۋرىمىزگىچە بولغان تەبىئى گارمۇنىكلىقىنى ئۇزۇپ قويدى ۋە ئۇيغۇر مەدىنىيەت تارىخىنىڭ ئىزچىللىق مەسىلىسىدە ئېتىنىك جەھەتتىن بەزى چۇشىنىشمەس-

لىكلەرنى پەيدا قىلدى. ئەنە شۇ سەۋەپتىن قەدىمقى دەۋرگە خاس (ئادەتتە خرونولوگىيە پرىنسىپى بويىچە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىردىن مىلادى 7-ئەسىرگىچە بولغان دەۋر قەدىمقى دەۋر ھىساپلىنىدۇ) يازما مەنبەلەر بىزدە ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ، ئورخون "مەڭگۈ تاش" يازما يادىكارلىقلىرى ۋە "تۇرپان تېكىستلىرى" دىگەن ئومۇمى نام بىلەن ئاتالغان ھەر خىل مەزمۇندىكى يازما ۋەسىقىلىرىمىزنى ھىساپقا ئالمىغاندا، 10-ئەسىردىن ئىلگىرىكى يازما مەنبەلەر ۋە ماددى، مەنىۋى مەدىنىيەت يادىگارلىقلىرىدىن بىزگە مەلۇم بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى دىنىي تەرجىمە ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت. لېكىن ياقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان كىتاپلاردىكى ۋەقەلەر، رىۋايەت، قىسسەلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىتىغا سىڭىشكەندە، ناھايىتى تەبىئى ھالدا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىئولوگىيىلىك قاراشلىرى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس تەركىۋي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قەدىمقى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا فولكلور ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللەپ كەلگەن. شۇ سەۋەپتىن ئىپتىدائى ئەپسانىلار ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر مەدىنىيەت تارىخى ئورگانىك يوسۇندا بىرىكىپ كەتكەن.

9-ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسى

ھاياتىدا كۆرۈنەرلىك بۇرۇلۇش پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تارىخىدا بىرقەدەر سىستېمىلاشقان ۋە تاكامۇللاشقان دەۋر باشلىنىپ، «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تەك مەشھۇر ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا "ئالتۇن دەۋر" دېگەن مۇناسىپ نام بىلەن ئاتالغان مۇشۇ دەۋر (قاراخانىلار دەۋرى) يازما ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمى تەرەققىيات ئالاھىدىلىگىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئۈزۈلمەس دولقۇندەك ئىزچىللىقتا ۋە ئورگىناللىقتا ئىگە بولغان ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىيا-تىدىن مول ماتىرىيال ئالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ رىيالىزىملىق ھەم ئاكتىپ رومانتىزىملىق روھقا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر ئىدىئو-لوگىيىلىك پىكىر قىلىش ئەنئەنىسىنى بەدىئى ئەدەبىيات شەكلى بىلەن تېخىمۇ سىستېمىلاشتۇرغانلىقى ۋە راۋاجلاندۇرغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

قاراخانىلار ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىسى ھېساپلانغان «تۈر-كى تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئالەم-شۇمۇل مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەلۋەتتە ھەر خىل ئىجتىمائى ئامىللارغا باغلىق. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتور-لىرى مەھمۇت قەشقىرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەت-تىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى قېتىقنىپ ئۆگەنگەنلىگى ۋە ئۆزلەشتۈر-گەنلىگى. ئۆز خەلقىنىڭ ئېغىز ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئۇزاق

ئەسىرلەردىن بۇيان ئىزچىل داۋاملاشقان بەددىئى ئەدەبىيات غايىلىرى ۋە ئىستېتىكىلىق قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ جەۋھەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر سىڭدۈرگەنلىگى ھەمدە ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك پىكىر ئېقىمى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» گەرچە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق توغرىسىدىكى ئىلمىي ئەسەر بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرى ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائى فورماتسىيىسىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە كۆرسەتكەن مۇقەررەر تەسىرىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئالىم مەھمۇت قەشقىرى «دىۋان» نى تۈزۈشتىن بۇرۇن پۈتكۈل "خاقانىيە" ئۆلكىسىنى (جۇملىدىن قەشقەرىيە، ئىلى، يەتتە سۇ ۋە ئىسسىق كۆل بويلىرىنى)، قىرغىز ـ تاتار داللىرىنى، بۇلغار ـ قىپچاق سەھرالىرىنى، شەرقىي ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى، ئارغۇ ـ ئوغۇز يېزىلىرىنى، دوغلات (دولون) ۋادىلىرىنى...كېزىپ ئون نەچچە يىللىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تۈركى تىلىدا سۆزلەشكۈچى ئولۇس ـ ئايماقلارنىڭ تىللىرى بىلەن ئىنچىكىلەپ تونۇشتى؛ تۈرلۈك تىل پاكىتلىرىنى، شېئىر ـ قوشاقلارنى، ماقال ـ تەمسىللەرنى، ھىكمەتلىك سۆز ـ ئىبارىلەرنى، تارىخىي قىممىتى بار ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى... توپلىدى ۋە ئۇنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى «دىۋان»دا تۈركى تىللارنى ئىزاھلاش ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. بىز پەقەت «دىۋان»دا

خاتىرىلەنگەن ئەنە شۇ ئەدەبىي پارچىلار ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى پارلاق ئۈلگىلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگىمىز.

قاراخانىلارنىڭ سىياسى ھاياتىنى ئىلىم، ئادالەت، ئەخلاق ۋە قانۇن بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك دەستۇرى بولغان، پەلسەپە، ئىجتىمائىيەت دەرسلىكى دەپ قارالغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىمۇ تاسادىپى بارلىققا كېلىپ قالغان ئەمەس. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋردىكى يېڭىچە ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا نامايان بولغان مىللى ئىدىئولوگىيىلىك پىكىر ئېقىمى بىلەن خەلقچىللىق روھ، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىزىملىق غايە ئاپتورنىڭ تەرەققىپەرۋەرلىك قاراشلىرىغا تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئامىل يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ قىممەتلىك ئىجادىي ئەمگىكىنى ماددى ۋە مەنىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئالغا سۈرۈلگەن دۆلەت ۋە ھاكىمىيەت توغرىسىدىكى تەرەققىپەرۋەرلىك قاراشلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن مىللى ئىدىئولوگىيىلىك ئەنئەنىۋى پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئورگانىك باغلىنىش مەۋجۇت. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام شەرقىنىڭ بۇ ئىلغار پەلسەپىۋى قاراشلىرى شۇ دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمى كىشىلىك خاراكتىرى بولۇپ، قاراخانىلار ئەدەبىياتىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەر-

دىكى ئۇيغۇر كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالدى. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەندى ـ نەسىھەت خاراكتېرلىق قوشاقلىرىنىڭ تېمىسى ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان غايىۋى پىكىرنىڭ مەزمۇنى ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئى باغلىنىش بۇ پىكىرىمىزنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

بىلىم ئارقىلىق ئەقىل ـ ئىدرەككە ئىگە بولۇپ، نادانلىقنى تەرك ئېتىش، بىلىملىكلەرنى ئۇلۇغلاش، مەرىپەت ئارقىلىق مەۋجۇت ئىجتىمائى قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىپ، پاراۋان ۋە بەختىيار غايىۋى جەمىيەت بەرپا قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىزچىللىققا ئىگە پىكىر مەزمۇنى ئىدى. شۇڭا ئۇ، مۇقەررەر ھالدا، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا تۇتاشتۇرۇلدى. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن بۇ پىكىر ئېقىمى يازما ئەدەبىياتقا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ كىلاسسىك يازما ئەدەبىيات ئۆلگىلىرىدە تېخىمۇ كونكرېتلاشتى.

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئاممىۋى ھالدا ئورتاق شەكىللەنگەن ئىجتىمائى، پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىمى نۇرغۇن ئەسىرلىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ مېغىزى بولغاچقا، ئۇنى ھېچقانداق كۈچ ئۆزۈپ تاشلىيالمايدۇ، بەلكى ئۇ خەلقنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە ھامان ئۆزىدىن كېيىنكى يازما ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتمەي قال-

مايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئىجتىمائى، سىياسى ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ بىۋاستە تەسىرى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن قاراخانىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» داستانىمۇ ۋاستىلىق ھالدا ئەنە شۇ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تېما ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىگىنى تولۇق نامايان قىلالىدى. بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەھمەت يۈكنەكى يىرىك ـ زەرداپقا تولغان جاھالەتلىك دەۋرگە رېيالىستىك روھ بىلەن نەپرەت ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى ئىجتىمائى سەۋەپلەرنى پەلسەپىۋى پىكىر شەكلى ئارقىلىق يىغىنچاقلاپ ۋە ئۇنى ئىستىتىك پىكىرگە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئىجتىمائى مۇھىتنى ئۆزگەرتىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ رېيالىستىك روھىدىن ۋە خەلقچىللىق ئىدىيىسىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە مەنىۋى ئوزۇق ئېلىشنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

قەدىمقى زاماندىن تارتىپ ئۇيغۇرلار قوشاقچىلىق، فولكلور تىپىدىكى داستانچىلىق جەھەتتە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ كەلگەن. ناخشا ـ قوشاق، مۇزىكا ـ ئۇسۇلنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان ئۇنىۋېرسال ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ بۇ ئەنئەنىسىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تېخىمۇ پاساھەتكە يەتكەن، "چاغاتاي تىلى" دەۋرى دەپ ئاتالغان

دەۋرلەردە (14 ـ ئەسىردىن كېيىن) تېخىمۇ روشەن جارى قىلـ
دۇردى. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بولغان
لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى بولۇپمۇ ناۋايى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ
ئۆچمەس ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر لىرىك شېئىرىيەت
گۈلزارلىقىدا ئۇزاققىچە گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلـ
تۈردى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر شېئىرىيەت تارىخىنىڭ مىللى
ئەنئەنىلىك خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر
كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا "غەزەل ئەدەبىياتى"نى باشلاپ بەردى،
يەنە بىر تەرەپتىن ئىنسانلار تۇيغۇسىدىكى ئورتاق سېزىم ھىساپـ
لانغان مۇھەببەت تېمىسىنى جەمىيەتنىڭ رىيال ئىجتىمائى مەنزىرىـ
سىگە تەتبىقلاپ، "مەڭگۈلۈك سېھىرلىگۈچى كۈچ" (ماركىس)كە
ئىگە لىرىك كۈيگە ئايلاندۇردى. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىـ
نىڭ تېما ۋە ئىدىيۋى مەزمۇن جەھەتتە ناۋايى ئىجادىيىتىگە
بولغان تەسىرىنى بولۇپمۇ ئۇنىڭ مىلادى 1483 ــ 1485 ـ يىللىرى
تۈزگەن «خەمسە»سىدىن روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. «خەمسە»
ناۋايى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يىرىك ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ
ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن «ھەيرەتۇلئەبرار»، «پەرھات ۋە شىرىن»،
«لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئى سەييارە»، «سەددى ئىسكەندەر»
دىن ئىبارەت بەش بۈيۈك داستاننىڭ تېمىسى ۋە سيۇژىتىنىڭ
شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئېقىپ
يۈرگەن رىۋايەت ۋە ھىكايە، قىسسەلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنـ
لىگى ھەممىگە ئايان. «پەرھات ۋە شىرىن» ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

شەرقتە ياشىغۇچى تۈركى خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيان كۆپلىگەن كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خەلق ئاغزىدىكى بۇ قىسسىنى يازما ئەدەبىياتقا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشقان ئىدى. پەقەت 15-ئەسىرگە كەلگەندىلا ئەلىشىر ناۋايى بۇ قىسسىنىڭ رىيالىستىك ۋە خەلقچىللىق روھىغا ھەقىقى ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى يېڭىچە پىكىر، ئىلغار مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ، مەشھۇر «پەرھات ۋە شىرىن» داستانىنى يېزىپ چىقىپ، خەلقنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ناۋايى كامالەتكە يەتكۈزگەن بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرىنىڭ ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىسىنى تېپىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى تېمىلىرىنى ئاساس قىلغان مىللى ئۇسلۇپ ۋە خاراكتېرگە ئىگە داستانچىلىق ئىجادىيىتىنى راۋاجلاندۇردى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ناۋايىدىن كېيىن داستانچىلىق ساھەسىدە شۆھرەت قازانغان 2-نامايەندە — ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» دىگەن ئومۇمى نام بىلەن ئاتالغان 18 داستانىنىڭ ئىچىدە «رابىئە-سەئىدىن»دىن باشقىسى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ھېكايە-رىۋايەتلەرنى ئاساسى ماتىريال قىلغان ياكى ئۆزىدىن بۇرۇنقى كىلاسسىك شائىرلارنىڭ ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن شۇ ناملىق داستانلىرىنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ ۋە جانلىق ئىدىيىۋى مەزمۇنلار

بىلەن ئىجادىي بېيىتىپ، رېياللىق بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇر-
غان. مۇشۇ نۇقتىدا ئىزارىنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى
رېيالىزمنىڭ ئەڭ چوڭ نامايەندىسى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى
ئۇنىڭ پۈتكۈل نەزمىلىرىدە ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمىيەتنىڭ
رېيال كارتىنىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا خاس ئۇسۇل بىلەن
چىن سۈرەتلەنگەن. بۇ جەھەتتە يەنە ئۇيغۇر يېقىنقى زامان
تارىخىنىڭ بوران-چاپقۇنلۇق يىللىرىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن تالانت-
لىق شائىر موللا بىلال (نازىم)نىڭ ئىجادىيىتى ئالاھىدە خاراك-
تېرلىقتۇر. بىلال ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت تارىخىدا «غەزەلىيات»
ناملىق شېئىرىي دىۋانىدىن باشقا، «كىتاب غازات دەرمۇلكى
چىن»، «نوزۇگۇم»، «چاڭمۇزا يۇسۇپخان» قاتارلىق داستانلارنى
يازدى. بۇ داستانلارنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى-
دىكى باشقا ئەنئەنىۋى تېمىلىق داستانلارغا ئوخشىمايدىغان
ئالاھىدىلىگى شۇكى، موللا بىلال داستانلىرىدا شائىر ياشىغان
دەۋردە خەلق ئارىسىدا پەيدا بولغان رېيال تارىخىي ۋەقەلەر
ئاساسىي تېما قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى نەسرى ئەسەرلەر ئۈستىدە
سۆز ئاچقاندىمۇ، ئۇنىڭ يۇقۇرقى قانۇنىيەتلەردىن مۇستەسنا
ئەمەسلىگىنى ئېيتىش مۇمكىن.

دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن نەسرى ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى
ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئاساسلىق قىسمىنى شەرق
فولكلورىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر ۋە فانتازىيىلىك ھېكايىلەر

تەشكىل قىلىدۇ. شۇنداقلا يەنە نەسرى يول بىلەن بايان قىلىنغان ھەر خىل تەزكىرە ئەدەبىياتلىرىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت ـ ھىكايىلەر ئاساسىدا ئىشلەنگەن نەسرى ئەسەرلەرگە نەسىرىدىن راپغوزىنىڭ «قىسسەئى راپ-غوزى» دىگەن ئەسىرىنى، موللا يۇنۇس يەركەندىنىڭ مىلادى 1755 ـ يىلى يازغان «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» ناملىق قىسسىسىنى (نەسرى يول بىلەن يېزىلغان)، يەركەنلىك ئۆمەر باقى تەرىپىدىن مىلادى 1792 ـ يىلى نەسرى شەكىلدە يېزىلغان «پەرھات-شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن» قىسسىلىرىنى ھەمدە مىلادى 1849 ـ يىلى موللا سەنجار ئىبنى ئىبراھىم قەشقىرى تەرىپىدىن رەتلەن-گەن «جامىئۇل ھىكايەت» («ھىكايىلەر توپلىمى») قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. (بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر قايسى دەۋرلەردە يېزىلغان تەزكىرە ئەدەبىيات ئۈلگىلىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە.)

ئىككىنچى، تىپىك ئوبرازلار بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە.

ماكسىم گوركى: «شەخسىيەتچىلىكنىڭ ھالاكىتى» دىگەن ئەسىرىدە: "بارلىق ئەللەردىكى ئۇلۇغ شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىنى خەلق كوللىكتىپ ئىجادىيىتىنىڭ غەزىنىسى-دىن پايدىلىنىپ ياراتقان؛ ھەممە بەدىئى ئومۇملاشتۇرۇشلار، ھەممە شانلىق ئوبرازلار ۋە تىپلار قەدىمقى زامانلاردىن بېرى خەلق ئىجادىيىتىنىڭ بۇ غەزىنىسىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە" دەپ

كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە نەزەر سالساق، بۈيۈك كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئۆلمەس تىپىك ئوبرازلارنىڭ كۆپچىلىگى ئالدى بىلەن خەلقنىڭ ئىجادىيىتىدە يارىتىلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

شېكىسپىر، سېرۋانتېس، گيۇتى، ۋېكتور گىيوگو قاتارلىقلارنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىدىكى تىپىك ئوبرازلارنى ۋە مەلۇم كۆرۈنۈشلەرنى خەلق ئاممىسى بۇ يازغۇچىلاردىن بۇرۇن ياراتقان.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمقى كىلاسسىك رومانلىرىدىن «سۇ بويىدا»، «غەرپكە ساياھەت»لەردە تەسۋىرلەنگەن تىپىك ئوبرازلارمۇ ئالدى بىلەن نەچچە يۈز يىللار مابەينىدە خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلگەن ھىكايە، رىۋايەتلەردە ئىجات قىلىنغان.

«سۇ بويىدا» رومانىنىڭ ئاساسى خەلق ئارىسىدىكى «داسۇڭ يىلنامىسى ۋەسىقىلىرى» دىگەن رىۋايەتتۇر. ئۇنىڭدا سۇڭ جياڭ، لىن چۇڭ قاتارلىق 36 پالۋاننىڭ تىپىك ئوبرازى ھىكايە قىلىنغان. كېيىنچە شى نەيئەن، لو گۇەنجۇڭلار تەرىپىدىن يېزىلغان «سۇ بويىدا»ناملىق روماندا خەلق رىۋايەتلىرىدە يارىتىلغان 36 قەھرىماننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا 108 تىپىك قەھرىمان ئوبرازى يارىتىلغان.

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋۇ چېڭئېن «غەرپكە ساياھەت» دىگەن ئەسىرىدە بۇرۇنقى دەۋرلەردە پەيدا بولغان خەلق رىۋايەتلىرى ۋە ئەلنەغمە تىياتىرلىرىدىكى غەرپكە ساياھەت توغرىسىدىكى ھىكايىلەرنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۆزلەشتۈرگەن-

لىگى ئۈچۈن، تىپىك دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئاجايىپ ئوبرازىنى ياراتقان بولۇپ، بۇ ئەسەر ئىلىمىزنىڭ كىلاسسىك رومانلىرى ئىچىدە رومانتىزىملىق مەشھۇر ئەسەر بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە شانلىق ئوبرازلارنىڭمۇ بۇرۇنقى چاغلاردا خەلقنىڭ ئىجادىيىتىدە بارلىققا كەلگەنلىكى شۈبھىسىز. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مىراسلىرىدىن بىرى بولغان «ئوغۇزنامە» داستانى، ھازىر مەلۇم بولۇشىچە، 13- ئەسىردە نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن تۇر-پاندا كۆچۈرۈلگەن. لېكىن يازما نۇسخا ھالىتىگە كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا ئوغۇزخان ھەققىدىكى بۇ قىسسە خەلق ئارىسىدىكى بىر رىۋايەت سۈپىتىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە شۇ دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۇرۇپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ پىشقان ۋە ئوغۇزخان ئوبرازى تېخىمۇ تىپىك خاراكتېر ئالغان. شۇنداق قىلىپ، ئوغۇزخاندىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەخس تەدرىجى ھالدا غايىۋى تىپىك ئوبرازغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ناۋائىينىڭ پاساھەتلىك قەلىمى ئاستىدا «خەمسە» ئىچىدىن ئورۇن ئېلىپ دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ۋاپادار ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ تىپىك ئوبرازى پەرھات بىلەن شىرىن، لەيلى بىلەن مەجنۇن ۋە كېيىنچىرەك نىزارى قاتارلىق داڭدار شائىرلارنىڭ مۇھەببەت داستانلىرىدا كۈيلەنگەن ۋامۇق بىلەن ئۇزرا، يۈسۈپ

بىلەن زىلەيخا، تاھىر بىلەن زوھرا، غېرىپ بىلەن سەنەم، مەسئۇد بىلەن دىلئارام قاتارلىقلار قوشۇلۇپ، شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلمەس مەزمۇنى بولۇپ شەكىللەندى. پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە تونۇش بولغان بۇ 7 جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ ئەسلى پەيدا بولۇش مەنبەسىدىن قارىغاندا، ئۇ يەنىلا ئالدى بىلەن شەرق فولكلورىدا ئىجات قىلىنغان ئاجايىپ سەلتەنەتلىك تىپلار بولۇپ، ئۇ ئەسلىدىلا خەلقىمىزنىڭ رىيال جەمىيەت ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرىنى، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى، ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىققا بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى ھەم ئىستېتىكىلىق قاراشلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

خۇلاسە شۇكى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى چىقىش نۇقتا قىلغاندا، ئۇنىڭدا يارىتىلغان يارقىن بەدىئى ئوبرازلار ئالدى بىلەن شۇ خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى ھېكايىلىرىدا يارىتىلىپ، ئۇ ئارقىلىق كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ قايتا پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يەنە خەلق ئارىسىغا قايتقان. شۇنداق قىلىپ ئۈزلۈكسىز ھالدا خەلق كوللىكتىۋىنىڭ قايتا-قايتا پىششىقلىشى نەتىجىسىدە ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان بەدىئى تىپقا ئايلىنىپ، سەنئەت گۈلزارلىغىنىڭ ئۆچمەس سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان.

ئۈچىنچى، بەدىئى ئالاھىدىلىك جەھەتتە.

ئەزەلدىن تارتىپ يازغۇچىلار ئەدەبىي شەكىل، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، بەدىئى ئۇسلۇپ قاتارلىق تەرەپلەردە خەلق ئېغىز

ئەدىبىياتىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق سەنئەتنىڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىققانلىغىدەك بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىزنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىمىزنى قوزغايدۇ.

دەرۋەقە، ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ يازما ئەدىبىياتىدا مەۋجۇت بولغان ھەر خىل بەدىئى ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، مىللى ئەدىبىياتنى شەكىللەندۈرگەن بۇ بەدىئى ئالامەتلەر شۇ خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدىبىيات ئەمەلىيىتىدىن كەلگەنلىگىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئەدىبىياتىنىڭ بىر قەدەر روناق تاپقان شېئىرىيەت ژانىرىنى ئالايلى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتى مەزمۇن ئالاھىدىلىگى، ئوبراز يارىتىش شەكلى، تىل خۇسۇسىيىتى قاتارلىق ئۆزگىچىلىكلىرى ئاساسىدا كۆپ خىل تۈر ۋە رەڭمۇ-رەڭ بەدىئى شەكىللەرگە ئىگە بولغان، بۇ تۈر ۋە شەكىللەر ئەسلىدە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدىبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرى بولۇپ، ئەدىپلەرنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق يازما شېئىرىيەتكە ئۆزلەشكەن ۋە راۋاجلانغان. قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»غا خاتىرىلەنگەن ئۈلگىلىرى ئىچىدە لىرىك ۋە ئېپىك قوشاقلارنىڭ نەمۇنىلىرىمۇ، تەبىئەت سۈرەتلەنگەن پېزاژ قوشاقلىرىمۇ، "ياز بىلەن قىشنىڭ مۇنازىرىسى"غا ئوخشاش ھەجۋى قوشاقلارمۇ، مەدھىيەنامە، مەرسىيەنامە، ساقىنامە ۋە قەسىدىلەرمۇ ھەمدە بارماق ۋەزىنىدىكى قوشاقلارمۇ، ئارۇز ۋەزىنىدىكى شېئىر-قوشاقلارمۇ...ئۇچرايدۇ، شۇنداقلا يەنە ئۇنىڭدا بوغۇم سانى جەھەتتىن بەشلىكتىن

تارتىپ ئون ئىككىلىككىچە بولغان قوشاقلارنىڭ ئۇلگىسى تېپىلە-دۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا بولسا يەنىمۇ كۆپ خىل شەكىللەر، رەڭمۇ-رەڭ بەدىئى ۋاستە-لەر جارى قىلدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئى شەكلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى تەمىنات ئىسكىلاتى ھىساپلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئەدىبىي شەكىل مۇتلەق ئۆزگەرمەس مۇردا بولماس-تىن، دەۋر مەزمۇنىنىڭ تەرەققىياتى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك تەلەپلىرىگە ئاساسەن. ئەنئەنىۋى مىللى شەكىلنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ھەر خىل شەكىل-لەرنىڭ كىلاسسىك يازغۇچى-شائىرلار تەرىپىدىن تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلگەنلىگى ۋە راۋاجلاندۇرۇلغانلىغىنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز. «دىۋان»دىكى قوشاقلاردا كۆپرەك ئارۇز ۋەزنىنىڭ رەجەز، رەمەن، ھەجەز قاتارلىق بىرقانچە بەھرىلىرى ئۇچرايدۇ. "چاغاتاي دەۋرى" ئەدىبىياتىدا بولۇپمۇ ناۋايىنىڭ شېئىرلىرىدا ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا مەۋجۇت بولغان، يۇقۇرقىدەك بەھرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلۇپ "ئىلمى ئارۇز"دا قەيت قىلىنغان بەھرىلەرنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

بەدىئى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ۋە ھەر خىل ماجازى ۋاستە-لارنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدىبىياتىغا تەتبىقلىنىش ئالاھىدىلە-

گىمۇ ئۆزئارا ئەنئەنىۋى تەسىر كۆرسىتىشتىن خالىي ئەمەس.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن مۇزىكىلىق سۆز سەنئىتى بولۇپ، ئۇ يۈكسەك ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇنىڭدا بەدىئىي ئوبرازنى گەۋدىلەندۈرگۈچى تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر خىلمۇ-خىل بولۇپ، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ماددىي تۇرمۇش شارائىتى (تەبىئىي شارائىتى، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ۋە ئىجتىمائىي شارائىتى) ھەمدە شۇ ئاساستا تۇغۇلغان ۋە تەرەققىي قىلغان مەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى ۋە ئېستېتىكىلىق كۆزقاراشلىرى، ئۆرپ-ئادەت ئالاھىدىلىكلىرى ۋە دىنىي ئېتىقات ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ھەر خىل سىمۋوللۇق ۋاسىتىلەر بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى سىمۋولىستىك ۋاسىتىلار روشەن مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق زامانلار مابەينىدە شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى قاراشلىرى ۋە ئېستېتىك تۇيغۇسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى سىمۋوللۇق ئىپادىلەر باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى سىمۋوللاشتۇرۇش ئوبېكتلىرىدىن مەلۇم نۇقتىلاردا پەرقلىنىدۇ. ئادەتتە، ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا قىزىلگۈل سۆيۈملۈك يارنىڭ، خۇشاللىقنىڭ،

بەختنىڭ سىمۋولى قىلىنغان، بۇلبۇل بولسا ئاشۇ سۆيۈملۈك
مەشۇقنىڭ (قىزىلگۈلنىڭ) سادىق شەيداسىنىڭ سىمۋوللۇق
ئوبرازى. شۇڭا، خەلق رىۋايەتلىرىدە "بۇلبۇل جەننەتنىڭ
قۇشى" دېيىلگەن بولسا، خەلق قوشاقلىرىدا "قىزىلگۈل دىگەن
بېيىشتىن چىققان نەرسە" دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ھۇقۇش
ۋەيرانچىلىقنىڭ، شۇملۇقنىڭ، قاراڭغۇ-زۇلمەتنىڭ سىمۋولىدۇر.
شۇڭا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا قاراڭغۇلۇقنى، ۋەيرانلىقنى
تىلىگۈچىلەرنى ھۇقۇشقا ئوخشىتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، خەلق
قوشاقلىرىدا لەيلى قازاق، يىكەن چېچەگى (ئوجول) ياسانچۇق،
چىدامسىز، ئۆمرى قىسقا مۇھەببەتنىڭ، يۇلتۇز بەختنىڭ،
قارىياغاچ يەكلەنگەن، لېكىن چىداملىق دەرتمەننىڭ، قىزىل
رەڭ خوشاللىقنىڭ، ئاق ساپلىق ۋە قۇتلۇقنىڭ، سېرىق پەرد-
شانلىق، غەمكىنلىكنىڭ، قالغاچ دوستلۇقنىڭ، يىلان دۈشمەن-
نىڭ، ھۆپۆپ چېقىمچى، ھەسەتخورنىڭ، ئەجدىھا ياۋۇزلۇقنىڭ،
كاككۇك بىلەن زەينەپ ئۆز ۋىسالىغا يېتەلمىگەن ساداقەتمەن
ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. بۇنداق ئىپادىلەش
ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان بولۇپ،
بەزىلىرى باشقا خەلقلەرنىڭ ئەدەبىياتىدىكى سىمۋوللۇق ئىپاد-
لەر بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئى ئىپادىلەش ئەنئەنىسى سۈپىتىدە
كىلاسسىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا سىڭىپ كىرگەن.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئى شەكىل جەھەتتە

كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتتا بولغان ئاكتىپ تەسىرىنى تىل
ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرىدىن تېخىمۇ روشەن كۆرگىلى بولىدۇ.
ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدە-
بىياتى ئىچىدىن ئۇزۇن يىللار داۋامىدا تاۋلانغان ۋە تاللانغان
سۆز گۆھەرلىرىنى تالاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە سىڭ-
دۈرۈش ئارقىلىق خەلق تىلىنىڭ غايەت زور كۈچىنى نامايەن
قىلغان. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا شۆھرەت تاپقان ياز-
غۇچى-شائىرلارنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالدى بىلەن
ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتە خەلقىنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت
بولغان جانلىق، ئوبرازلىق، ئىپادىلەش كۈچى يۇقۇرى تىل
جەۋھەرلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىكى ۋە ئۇنۇملۇك ئىشلەتكەن-
لىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ گەۋدىلىك بولغىنى،
ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا تاۋلىنىپ يۇغۇرۇلغان تىل جەۋھىرى
ھىساپلانغان خەلقنىڭ ماقال-تەمسىللىرى ۋە ھىكمەتلىك ئىبا-
رىلىرىدىن كىلاسسىك شائىرلىرىمىز ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ،
ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاممىباپلىققا ۋە ئىخچاملىققا ئىگە قىلغان،
شېئىرىي مەزمۇنىنى تېخىمۇ كونكىرېتلاشتۇرغان ۋە
چوڭقۇرلاشتۇرغان.

دۇنيانىڭ پوئېزىيە تارىخىدا خەلق قوشاقلىرىنىڭ تىل ئالاھى-
دىلىكلىرىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئۇلۇغ ئەسەر يازغان شائىر
بولمىغىنىدەك، ئۇيغۇر يازما شېئىرىيەت تارىخىدىمۇ ئۇيغۇر خەلق
قوشاقلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە (تىل خۇسۇسىيەت-

لىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) بولغان ئەنئەنىۋى خۇسۇسى-يەتلىرىنى ئۆزلەشتۇرمەي تۇرۇپ نەتىجىلىك ئەسەر ئىجات قىلغان شائىرلارنى ئۇچرىتىش قىيىن.

*　　　*　　　*

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن كىلاسسىك يازما ئەدەبىيات ئۆزئارا دىيالېكتىك بىرلىك مۇناسىۋەتكە ئىگە دەيدىكەنمىز، ئۇ ھالدا يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭمۇ خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا بولغان ئاكتىپ ۋە پاسسىپ تەسىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئېغىز ئەدەبىياتىغا تەئەللۇق بولغان رەڭگا-رەڭ، مول ۋەسىقىلىرىمىزنىڭ تارىختىن بۇيان ئىزچىل ھالدا داۋاملىشىپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىشى، بىر تەرەپتىن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان تۇپ ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئۇزۇنغا سوزۇلۇش خاراكتېرىغا باغلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كىلاسسىك يازغۇچى-ئەدىپلەرنىڭ خەلق ئەدەبىياتىغا ئەستايىدىل كۆڭۇل بۆلۈپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى توپلاپ، رەتلەپ يازما مىراسقا ئايلاندۇرۇپ بەرگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھەقىقەتەن، ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى يۇكسەك ئىجتىمائى قىممەتكە ئىگە بولغان ناھايىتى كۆپ ئېغىز ئەدەبىيات ماتېرىياللىرى ئەدىپلەر-نىڭ خاتىرىلىشى ۋە رەتلىشى ئارقىسىدا ساقلىنىپ، مەدەنىيەت غەزنىمىز ئىچىدىن ئورۇن ئالغان. بۇنىڭدىن 5 مىڭ يىللار

بۇرۇنقى يۇنان ئەپسانە-رىۋايەتلىرى گومېر قاتارلىق ئىقتىدارلىق يازغۇچىلارنىڭ داستان-قىسسىلىرى ئارقىلىق ساقلانغان، ئېلىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمقى ئېغىز ئەدەبىيات ئۆلگىلىرى بولسا چۇ يۈەننىڭ نەزمىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئىزىنى يوقاتمىغان. ئوخشاشلا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمقى ئۆلگىلىرى (قەدىمقى قوشاقلار، ئەپسانە-رىۋايەتلەر، ماقال-تەمسىللەر، ھېكايە-چۆچەكلەر...) مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۆپلىگەن خەلقپەرۋەر يازغۇچىلار، تارىخشۇناسلار، پەيلاسوپلارنىڭ يازما ئەسەرلىرى ئىچىگە توپلانغان ۋە ئۇلار تەرىپىدىن رەتلىنىپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردىن تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ئۆلمەس پىرامىدىسىغا ئايلانغان. ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئىلغار يازغۇچىلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، خەلق سەنئىتىنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى نامايان قىلىش جەھەتلەردە كۆرسەتكەن ئۆچمەس خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى ئەمەلىي مىساللار ناھايىتى نۇرغۇن. بۇ ھال يازما ئەدەبىياتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا بولغان ئاكتىپ تەسىرىنى توغرا مۆلچەرلەش ۋە ئېتىراپ قىلىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، قەدىمقى كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردا ئوخشاش بولمىغان

دەرىجىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپىنىڭ ئىدىيىۋى ئاڭ فورمىسى مەۋجۇت بولىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى تاللاش، رەتلەش جەريانلىرىدا جەۋھەرى بىلەن شاكىلىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتىن خالى بولالمايدۇ، نەتىجىدە فېئودالىزىم دەۋرىدىكى ئەدىپلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئۆزگەرتىپ تۈزۈلگەن (رەتلەنگەن) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئىدىيىۋى ساپلىقىنى ۋە سەنئەت گۈزەللىكلىرىنى يوقىتىدۇ ياكى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ فېئودال ئەدىپلەر مەقسەتلىك ھالدا ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش قەستىدە، ھەممىشە خەلقنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئېقىمىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنىدۇ. لۇشۈن ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ: ئۇقۇمۇشلۇق تۆرىلەر دائىم خەلق ئارىسىدىكى ئەسەرلەرنى تارتىۋېلىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى يازما ئەدەبىياتقا ئۆزگەرتىپ، "يوقسۇل ئائىلىنىڭ بۇ چىرايلىق قىزىنى كىچىك خوتۇن قىلىۋالىدۇ"① دەپ، بۇ خىل ئەھۋالنى غەزەپ بىلەن ئېيىپلىغان ئىدى. بۇ ھەقتىكى ئاچچىق تەجرىبە ـ ساۋاقلار ۋە مىساللار ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا دىگەندەك ئۇچرايدۇ. بۇ ئۆتمۈش دەۋردىكى بىر خىل ئوبيېكتىپ ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائى ۋە نەزىرىيىۋى ئاساسلىرىنى تارىخىي ماتىرىيا-

---

① «لۇشۈن ئەسەرلىرى»، 5 ـ توم، 464 ـ بەت.

لىزىم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە داۋاملىق مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇرمىلىنىۋېتىلگەن ياكى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىلگەن خەلق ئېغىز ئەدەبىيات ئەسەرلىرى پەقەت قەدىمقى جەمىيەتلەردىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بولماستىن، بۇنداق ئەھۋاللار ھازىرمۇ بار. ماركسىزىم - لېنىنىزىم مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن بۈگۈنكى دەۋرنىڭ ئىدىئولوگىيە سىستېمىسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يازغۇچىلارنىڭ خەلققە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە ئۈتمۈشكە قارىغاندا تۈپتىن ئۆزگىرىش بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئازاتلىقتىن كېيىنكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشىدا يەنىلا ئوخشىمىغان دەرىجىدە خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ھېكايىلىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىكىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىش، "چاپىنىنى ئالماي جىق قىلىپ قويۇش"تەك خاھىش يۈز بەرمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ نەرسىلەرگە نەزىرىيە جەھەتتىن قانداق ئاساس تېپىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمەلىيەت جەھەتتە ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرى ھامان تارىخىي ماتېرىيالىزىمغا خىلاپ.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق يازغۇچى ئىجادىيىتىدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ماركسىزىم - لېنىنىزىملىق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئەستايىدىل ھالدا، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشى زۆرۈر.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىلىق قانۇنىيەتلىك كۆزقاراشقا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئاساسەن شۇ مىللەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئاغزاكى ئەدەبىياتلىرىنىڭ باي ۋە خىلمۇ ـ خىل بولۇش ـ بولماسلىقى، شۇنداقلا خوشنا مىللەت ۋە دۆلەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

2. خەلق يازغۇچىنىڭ ئانىسىدۇر. تارىختىكى بارلىق تالانت ـ لىق يازغۇچىلارنىڭ سەنئەتكارلىق ھاياتى كۈچى ــ ئۇلارنىڭ خەلق ۋە خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئېقىپ تۈگىمەيدىغان مول سۈتىنى تويغىچە ئىچكەنلىكىدە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خەلق بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىدا. ئەگەر بۇنداق مۇناسىۋەتكە سەل قارالسا ياكى ئۇ ئۈزۈپ تاشلانسا، ئۇلارنىڭ سەنئەتكارلىق ھاياتى ماغدۇرىدىن كېتىدۇ.

3. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن يازغۇچىلار ئەدەبىياتىنىڭ بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى، بىر بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىشى، بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، شۇنداق قىلىپ سەنئەتنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، سىياسى دېموكرا ـ تىيىنىڭ بولۇشى زۆرۈر. سوتسىيالىزم شارائىتىدىلا، ئىككى

خىل ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق ھالىتى ئاندىن ئۆزۈل-كېسىل تۈگەپ، ئۇلار بىر بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىق-لىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە راۋاجلىنىدۇ ۋە گۈللىنىدۇ.

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان خۇددى غايەت چوڭ ئېقىنغا ئوخشاش، خەلقنىڭ ھەيۋەتلىك ئاغزاكى ئېقىندا ئېقىپ كەلمەكتە. ئۆتمۈش جەمىيەتنىڭ ئىجتىمائى شارائىتى ئاستىدا بۇ زور ئېقىننىڭ بەزى تارماقلىرى توسىلىپ قالغانلىقتىن ياكى ھەر خىل لاۋا-لاتقىلار ئارىلىشىپ قېلىپ، ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇلغىنىش يۈز بەرگەن بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ئاخىرقى ھېساپتا، ئېقىپ تۈگىمەس بۇ زور ئېقىننىڭ ھەيۋەت بىلەن ئۆركەش ياساپ چوڭ دېڭىزغا قويۇلۇشىنى توساپ قېلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز خەلق ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ زور ئېقىننىڭ لاۋا-لاتقىلىرىنى تازىلاش، بۇ ئۇلۇغ ئېقىننىڭ تۈگىمەس مول ئوزۇغىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى توسالغۇسىز، بىمالال ئاقىدىغان قاينام-تاشقىنغا ئايلاندۇرۇپ، خەلق سەنئىتى-نىڭ مۇنبەت ئېتىزلىرىنى يەنىمۇ ياخشى سۇغۇرۇشتىن ئىبارەت. يىراقنى كۆرۈشكە ماھىر بولغان ئىجتىھاتلىق خەلق يازغۇچىلىرى بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشى، تەشەببۇس-كارلىق بىلەن، ئاڭلىق ھالدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت مۇشۇ زور ئېقىنغا كىرىشى ۋە ئۇنىڭدىن قانغىچە

ئوزۇقلىنىشى، شۇ ئاساستا دەۋرىمىزگە مۇناسىپ بولغان، خەلق ياخشى كۆرىدىغان ئۆلمەس ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىپ چىقىشى لازىم.

1982 ـ يىل 2 ـ ئاي.

# ئەدىبىي مىراسلىرىمىزغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىم

ئەدىبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىنىڭ كونكرېت ئەمىلىيىتى ۋە بۇ ھەقتە جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھەر خىل ئىنكاسلاردىن قارىغاندا، نۆۋەتتە ئەدىبىي مىراسلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا سۆزلەشنىڭ ئەمىلىي رولى باردەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغى خاتىرىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، «نۇتۇق»نىڭ روھىنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەدىبىي مىراسلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدىكى تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كۆپ تەرەپلىمە ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەدىبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى ھىساپلىنىدۇ.

ماركسىزم ـ لېنىنىزم بىزگە يېڭى شەيئىلەر ھامان كونا شەيئىلەردىن ئۆسۈپ چىقىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. شۇنداقلا يېڭى شەيئىلەر ئۆز نۆۋىتىدە كونا شەيئىلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدۇ، دەپ تەلىم بېرىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، بۇ نۇقتىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. لېنىن «ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىپىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە: "... ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن تەرەققىيات جەريانىدا يارىتىلغان مەدەنىيەتنى ئېنىق بىلگەندىلا، مۇشۇنداق مەدەنىيەتنى ئۆزگەرتكەندىلا، پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرگىلى بولىدۇ" دەپ تەلىم بەرگەن ئىدى.

دەرۋەقە، ئۇستقۇرۇلمىغا تەئەللۇق بولغان ئەدەبىيات مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتى بولىدۇ. ئىقتىسادىي بازىس پەقەتلا بىر خىل ھەل قىلغۇچ ماددىي كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تۈپ خاراكتېر جەھەتتىن ئۆزگەرتكىنى بىلەن، پۈتۈنلەي يېپ ـ يېڭى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى يارىتىپ چىقالمايدۇ، ئۇ پەقەتلا يېڭى سىنىپ، يېڭى سىياسىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس بولغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىيات نىشانىسىنىلا ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ.

ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ بۇ خىل تارىخىي ۋارىسلىقى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىلىك خاراكتېرى تەرىپىدىن

بەلگىلەنگەن. ھەرقانداق بىر ئىجتىمائى ئىدىئولوگىيە پەيدا بولۇشتا ھامان ئۆز ساھەسىدە بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ھادىسە-لەرنى ئاساس قىلىدۇ. جۈملىدىن ھەر بىر دەۋردىكى يازغۇچى-لارنىڭ ئالدىدا ئۆزىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەر ئەدەبىيات تەرەققى-ياتىنىڭ ماتېرىياللىرى بولىدۇ. ھەرقانداق يازغۇچى ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئاشۇ بەدىئى ئەدەبىيات ماتېرىياللىرىدىن، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز بولسۇن، ھەمىشە ئۆزلۈكسىز پايدىلىنىدۇ، ئەنئەنە بولۇپ تارقىلىپ كەلگەن ئەدەبىياتنى ئۆگىنىدۇ ھەمدە ئۆلاردىن ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەجداتلارنىڭ نۇرغۇن ئەسىرلىك بەدىئى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا يارىتىپ چىققان قانۇنىيەتلىك نەرسىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە سىڭدۈرىدۇ. قىسقىسى، مەيلى ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن ياكى نەزەرىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىسىل ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش يېڭى ئەدەبىياتنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى ئىكەنلىكىگە شۈبھىسىز. بۇنىسى ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ھەققىدىكى ئەقەللىي پرىنسىپىغا ئۇيغۇن. بۇنداق مۇقەررەرلىكنى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ پۈتكۈل ئەدەبى-يات تەرەققىيات تارىخىدىن ناھايىتى ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىمۇ ئاشۇ قانۇنىيەت-تىن مۇستەسنا ئەمەس.

مىلادى 9 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ھاياتىدا كۆرۈنەرلىك بۇرۇلۇش بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا بىرقەدەر سېستىمىلاشقان "دۇنياۋى ئەدەبىيات" دەۋرى باشلىنىپ، ئىنسانىيەت ئالىمى «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»تەك بىر بىرىگە ئۇلاشقان شەرق مەدەنىيىتىنىڭ سەرخىل مىۋىلىرىدىن لەززەتلىنىشكە قادىر بولدى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا "ئالتۇن دەۋر" دەپ ئاتالغان ئاشۇ دەۋر (قاراخانىلار دەۋرى) ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمى تەرەققىيات ئالاھىدىلىگىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئۆزۈلمەس دولقۇندەك ئىزچىللىقتا ئىگە بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن مول ماتېرىيال ئالغانلىقى ۋە بۇ ئەدەبىياتنىڭ رېئالىزىملىق، ئاكتىپ رومانتىزىملىق روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيىلىك پىكىر قىلىش ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ سېستىمىلاشتۇرغانلىقى ۋە راۋاجلاندۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئورتاق شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىمى ۋە بەدىئىي ئەدەبىيات غايىلىرى نۇرغۇن ئەسىرلىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ مېغىزىدىن ئىبارەت بولغاچقا، ئۇنى ھېچقانداق كۈچ ئۈزۈپ تاشلىيالمايدۇ، بەلكى ئۇ خەلقنىڭ يۈكسەك ئەقىل ـ پاراستىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە ھامان ئۆزىدىن كېيىنكى يېڭى ئەدەبىيات

ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئىجتىمائى، سىياسى ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ تەبىئى ھالدا ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا تۇتاشتۇرۇلغانلىغى ۋە تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلغانلىغى ئەشۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە شۇنداقلا قاراخانىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدىپ ئەھمەتنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى باشتىن-ئاخىر دىگىدەك «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بىۋاستە تەسىرى ۋە تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇ يالغۇز تېما ۋە ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتىلا «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ خەلىقچىلىق، رىياللىستىك روھىدىن ئوزۇقلىنىپ قالماستىن، بەدىئى شەكىل جەھەتتىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ شەكلىگە ۋارىسلىق قىلىدى ۋە ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. ھەتتا «قۇتادغۇ بىلىك» تىن 250 يىل كېيىن بارلىققا كەلگەن نەسىردىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەئى رابغوزى»ناملىق كىتاۋىدىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىغىنى كۆرىمىز.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ۋارىسلىق ئەنئەنىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىكى تۈرتكىلىك رولىنى "چاغاتاي تىلى" دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تېخىمۇ پاساھەتكە يەتكەن دەۋرلەر ئەدەبىياتىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىدىن تېخىمۇ روشەن كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بولغان لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى، بولۇپمۇ

ئەلشىر ناۋايى قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىرىك شېئىرىيەت گۈلزارلىقىدا ئۇزاققىچە گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ناۋايى مەۋلانە لۇتفىنى "ئۇستازىم" دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغىنىدەمۇ، لۇتفى غەزەللىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان. ناۋايى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يىرىك ئۇلگىسى بولغان «خەمسە»نىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانلىرىدىن شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تارقىلىپ يۈرگەن ئېغىز ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىگە ئۇنۇملۇك ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى ھەمدە ئۆزىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە ئۆتكەن ئەدىبلەرنىڭ شۇ ساھەدىكى ئىجادىيەتلىرىگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتقانلىقىنى ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ تەلىۋىگە ماس ھالدا يېڭىلىغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى ئابدۇرەھىم نىزارى ئىجادىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئاشۇنداق ۋارىسلىق ئەنئەنىسىنىڭ داۋامىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ 48 مىڭ مىسرالىق «مۇھەببەت داستانلىرى» ئىچىدىكى «رابىئە ـ سەئدىن» داستانىدىن باشقىلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى تېمىلارنى ئۆزىگە مەزمۇن قىلغان ياكى ئۆزىدىن بۇرۇنقى كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ شۇ نامدىكى داستانلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىگە

خاس ئۇسلۇپ ۋە يېڭى دەۋرگە ماس ئىدىيىۋى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتتى.

دېمەك. يۇقۇرقى ئەمەلىي مىساللاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھەرقانداق بىر مىللەت ئەدەبىياتىدا تەبىئىي مەۋجۇت بولىدىغان ئىزچىللىق ۋە ئورگىناللىق ئەدەبىياتىنىڭ مۇقەررەر ھالدىكى ۋارىسلىق قانۇنىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا ھەرقانداق دەۋردىكى يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ قالدۇرغان ئەدەبىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا راۋاجلىنىدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. ھەر بىر دەۋردىكى يازغۇچىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ پايدىلىق ماتېرىياللىرى بولىدۇ. بۇ ماتېرىياللار كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئىلغار ئىدىيىۋى مەزمۇن، ئوبراز يارىتىش ئالاھىدىلىكلىرى، شەكىل تۈزۈلۈشىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، بەدىئىي ئىپادىلەش ئارتۇقچىلىقلىرى. تىل ئىشلىتىش ماھارەتلىرى، رېئالىزىملىق ۋە ئاكتىپ رومانتىزىملىق ئىجادىيەت ئۇسۇللىرى ... قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەجداتلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە تېپىپ چىققان قانۇنىيەتلىك، قىممەتلىك تەجرىبىلەردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋازكەچكەندە، يېڭى ئەدەبىياتنى يارىتىش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس.

بۈگۈنكى پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشمۇ ئاشۇ قانۇنىيەت بويىچە بولماقتا،

ئەلۋەتتە.

مەلۇمكى، پەقەت پىرولېتارىياتلا ئۆتمۈشتىكى بارلىق ئەدەبىي مىراسلارنى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەپ چىقالايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ھەم ۋارىسلىق قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلارنى رەتلەپ چىقىپ، شۇ ئاساستا سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ئىگە يېڭى ئەدەبىيات يارىتىپ چىقالايدۇ.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، پىرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تارىختىكى ئەڭ يېڭى ۋە ئىلغار ئەدەبىيات ـ سەنئەت بولۇپ، ئۇ ئۆتمۈش دەۋرلەردىكى ھەرقانداق ئەدەبىيات ـ سەنئەتلەرگە تۇپ ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ، بۇنداق ئالاھىدىلىك پۈرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ تۇپ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. خۇددى ماركسىزىمنىڭ ئۆزى نېمىس كىلاسسىك پەلسەپىسى، ئىنگلىز كىلاسسىك سىياسى ئىقتىسادى ۋە فرانسۇز خىيالى سوتسىيالىزىمغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تەرەققى قىلغىنىغا ئوخشاش، پىرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭمۇ ئالدىنقىلارنىڭ ئىسىل ئەدەبىي مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلاش ئاساسىدىلا بارلىققا كېلىدىغانلىقى بىر خىل تەبىئى قانۇنىيەت. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، پىرولېتارىيات ئەدەبىيات ـ سەنئىتى پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى ھەم مەجمۇئەسى. ئۇ يالغۇز كوممۇنىستىك دۇنيا قاراشنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىپلا قالماستىن، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەدەبىياتنىڭ بارلىق ئەنئەنىلىرىنى تەنقىدىي قوبۇل قىلىپ. شۇ

ئاساستا ئۆزىنىڭ تېخىمۇ كەڭ ئىجتىمائى تەربىيىۋى رولىنى جارى قىلدۇردۇ. ئاشۇ نۇقتىدا يولداش ماۋ زېدۇڭ «نۇتۇق»تا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "بىز بارلىق ئىسىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەنقىدىي ھالدا قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز زامان، ئۆز ماكانىمىزدىكى خەلق تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت خام ئەشيالىرىدىن ئەسەرلەر يارىتىشتا ئەينەك قىلىشىمىز لازىم." "... لېكىن ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئەينەك قىلىشنى ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىيىتى ئورنىغا دەسسىتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، بۇنداق قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە قەدىمقىلارنىڭكىنى ۋە چەتئەللىكلەرنىڭكىنى ھېچقانداق تەنقىتسىز كۆچۈرۈۋېلىش ۋە دوراش ئەڭ يارامسىز، ئەڭ زىيانلىق ئەدەبىيات دوگمىچىلىغى ۋە سەنئەت دوگمىچىلىغى.①" يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ كۆرسەتمىسىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئۈچ مۇھىم نۇقتا بار. بىرى، قەدىمقى ئەجدادلارنىڭ ياراتقان بارلىق ئىسىل ئەدەبىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈگى ھەققىدە يېتەرلىك تونۇش بولۇشى كېرەك. يەنە بىرى، ۋارىسلىق قىلىشنىڭ شەرتى مەسىلىسى، يەنى مەيلى چەتئەللىكلەرنىڭ نەرسىلىرى، مەيلى فېئودال

① «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1971 ـ يىل نەشرى، 3 ـ توم، 1554 ــ 1555 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

سىنىپىنىڭ ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ نەرسىلىرى بولسۇن، بىز ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشتا تەنقىدىي ھالدا كۆزدىن كەچۈرۈپ، مېغىزى بىلەن شاكىلىنى ئايرىشىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ "شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز" لازىم. شۇڭا "ۋارىسلىق قىلىش" دىگەن ئۇقۇم بىلەن "تەنقىدىي ھالدا" دىگەن ئۇقۇم ئۆزئارا بىر بىرىگە زىت ئەمەس، بەلكى ئۇلار بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە بىر بىرىنى تولۇقلايدۇ. ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدىكى "ئۇڭ" ۋە "سول"دىن كېلىدىغان توسالغۇلۇقلارنىڭ مەنبەسى، كۆپىنچە، "تەنقىدىي قاراش" بىلەن "ۋارىسلىق"نى بىر بىرىگە زىت قىلىپ قويۇش ياكى ئالدىنقى شەرت بولغان "تەنقىدىي قاراش"نى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت. تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش دىگەنلىك مىراسلارغا تارىخىي ماتېرىيالىزىم نۇقتىئىنەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىش دىمەكتۇر. تارىخىي ماتېرىيالىزىم ھەرقانداق شەيئىگە باھا بەرگەندە، ئەينى تارىخىي دەۋرنىڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن زىچ ماسلاشتۇرۇپ مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ. يەنى مەلۇم بىر يازغۇچىنىڭ ئەسىرىنى باھالىغاندا، ئۇنىڭ ئاشۇ تارىخىي شارائىتتا قانداق رول ئوينىغانلىقى، خەلققە قانداق پوزىتسىيىدە بولغانلىقى... قاتارلىقلارنى ئۆلچەم قىلىدۇ. بۇ ئەڭ ئىلمىي قاراش بولۇپ، ماركسىزىمنىڭ تۈپ نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن بىرى ھىساپلىنىدۇ. دەرۋەقە، ھازىرقى شارائىتتا نەزىرىيە جەھەتتىن ئۇنى چۈشىنىشتە مەسىلە يوقتەك قىلىسمۇ، ئەمىلىي

مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئاشۇ روھقا خىلاپ قاراشلار ھامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

بىز ئازاتلىقتىن بۇيانقى 30 نەچچە يىل ئىچىدە ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتى جەھەتتە ھېچقانداق تارىخىي دەۋرلەردىكىگە سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، كۆپلىگەن ئەگرى-توقاي يوللاردىن خالى بولالمىدۇق. بولۇپمۇ 10 يىللىق مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا خەلقىمىزنىڭ ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرىنى قارا-قويۇقلا چىدىغۇسىز دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" بىر دەم "ئوڭ"دىن، بىر دەم "سول"دىن چىقىپ "ئومۇمىي يۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىش" بىلەن "ئومۇمىي يۈزلۈك ئىنكار قىلىش"تىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل نەزەرىيىسىنى چېكىگە يەتكۈزدى. گەرچە لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن پۈتكۈل ساھەلەرگە ئوخشاش ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئىشىدىمۇ قايتىدىن گۈللەپ-ياشناش كەيپىياتى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، يەنە بەزى ئىدىيىۋى توسالغۇلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. بەزىلەر رايونىمىزدا ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە كۆرۈلگەن خۇشاللىنارلىق مەنزىرىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا گۇمان بىلەن قارىماقتا. بۇنداق قاراشنىڭ پەيدا بولۇشىدا بەزى ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرمۇ بار. لىن بياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىك سىياسىتى

بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە ھەممىدىن ئېغىر بالايى-ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئىنتايىن "سول" ئېقىمنىڭ كاساپىتىدىن، خەلقىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلىرى ئېلىمىزنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيىتىگە ئورتاق كەيدۈرۈلگەن بىرمەنە قالپاقلاردىن تاشقىرى يەنە قانداقتۇر "يەرلىك مىللەتچىلىك"، "مىللىي بۆلگۈنچىلىك"، "مۇستەقىللىق دەۋاسى" دېگەندەك ئۆلچەملىك قالپاقلار قوشۇپ كىيگۈزۈلۈپ، پۈتۈنلەي چەيلىۋېتىلگەن ئىدى، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە قالغان بۇ دىشۋارچىلىقنىڭ بىر-ئىككى يىل ئىچىدە تەل-تۆكۈس يۇيۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزۈل-كېسىل ئىدىيىۋى ئازاتلىققا ئېرىشىشى قىيىن، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن يۇقۇرىقىدەك قاراشتىكىلەرنىڭ قەلبىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. لېكىن بىز ئۆتمۈشتىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى بويىچە يەكۈنلىشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇ كىشىلەرگە ھەقىقى ئىدىيىۋى ئازاتلىق بەخش ئېتىدىغان ئەڭگۈشتەر.

لېنىننىڭ ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بارلىق ئېسىل ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدىكى ماركسىزىمچە ئىلمىي تەلىماتى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا بىردەك مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا يەنە قانداقتۇر "چەكلەنگەن رايون"نىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

خاسلىق جەھەتتىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار مول ۋە رەڭگا-رەڭ ئەدەبىي مىراسقا ئىگە بولۇپ، ئىدىيىۋى مەزمۇن تەرەپلەردە بەزى مۇرەككەپلىكلەردىن خالى ئەمەس. بۇ نۇقتىنى ئەلۋەتتە ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. بۇنداق مۇرەككەپلىك شۇ خەلقلەرنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئادەتتە، ئۇيغۇرلار مىللىي پىسخولوگىيە جەھەتتە كونىلىقتا يېپىشۋالمايدىغان، يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا كۆپ خىل يېزىقلارنى قوللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى بېيىتقان، جۈملىدىن دىنىي ئېتىقات جەھەتتىمۇ كۆپ خىل دىنىي قاراشلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولۇپ كەلگەن. بۇ ھال ئەدەبىي مىراسلارنىڭ دەۋرىمىزگىچە بولغان تەبىئى گارمۇنىك ئىزچىللىقىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۈزۈپ قويۇش بىلەن بىللە، مەزمۇن جەھەتتىلەردىمۇ مۇرەككەپ ئامىللارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، قەدىمقى غەربىي رايون تارىخىدا تەبىئى ۋە ئىجتىمائى ئاپەتلەر نەتىجىسىدە، قەبىلە ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا بۆلۈنۈش ۋە قوشۇلۇش ھادىسىلىرى، مىللىي نىزا-ماجرالار ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان. مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ رىياللىق ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرىدىكى مۇرەككەپلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللارنىڭ بىرى. لېكىن بىز بۇنداق "مۇرەككەپلىك"نى ھەددىدىن تاشقىرى تەكىتلەپ، ئۇنى ئەدەبىي مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئىدىيىۋى توسالغۇسىغا ئايلاندۇ-

رۇۋالماسلىقىمىز لازىم. نۆۋەتتە ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرىدىمۇ، يۇقۇرقىدەك ئىدىيىۋى قاتماللىق نەتىجىسىدە بەزى قىيىنچىلىقلار ھىس قىلىنماقتا. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئورتاقلىقلا ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسلۇبى بولغىنىدەك، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ ئەسەرنى ھەمدۇ- سانا (خۇداغا ھەمدۇ، پەيغەمبەرگە سانا ئوقۇش) بىلەن باشلاش بىر خىل قېلىپلاشقان مىللى ئۇسلۇپقا ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭغا قاراپلا ئۇنى دىنىي ئەسەر دەپ خۇلاسە قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا ئەلۋەتتە تارىخىي نۇقتىدىن قاراش كېرەك. بىزنىڭ ۋارىسلىق قىلىش خىزمىتىمىزدە ئەشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە قايمۇقۇپ قېلىش، ھەتتا بەزىدە شۇ ئەسەرنىڭ "ھەمدۇ سانا" قىسمىنى كېسىپ تاشلاشتەك قاراملىق مەۋجۇت. "ھەمدۇ سانا" شۇ ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە ئەسەر پۈتۈنلىگىنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولغاچقا، تارىخنىڭبۇ ئىزىنى ئۆچۈرۈۋېتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتىكى يەنە بىر كونكىرىت قىيىنچىلىق — بەزى ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن مىللى نىزا-ماجىرالار مەسىلىسى. ئەدەبىي مىراسلاردا ئىپادىلەنگەن مىللى نىزا-ماجىرالار شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئاشۇ تارىخىي دەۋردە مەيدانغا چىققان مىللى قەھرىمانلارنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي، سىنىپىي

چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، سۇلۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن يۆفېي تارىختا ئاتاقلىق مىللى قەھرىمان ھىساپلانسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەھرىمانلىغى شۇ دەۋرلەردە يۈز بەرگەن مىللى نىزا ـ ماجرالار ئىچىدە گەۋدىلەنگەن بولۇپ، ھامان سىنىپىي ۋە تارىخىي چەكلىمىدىن خالى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت ئاشۇ تارىخىي دەۋر بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، ھەرگىز بۈگۈنىنىڭ كۆزى بىلەن قارىغىلى بولمايدۇ. " ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان قەھرىمانلارغا كەلسەك، ئۇنداق قەھرىمانلار پەقەت سوتسىيالىزىم جەمىيىتى تارىخىي شارائىتىدىلا بارلىققا كېلىدۇ." (جيەن بوزەن) بۇ تارىخىي قاراش باشقا رايونلاردا (جۇملىدىن چېگرا رايونلاردا) يۈز بەرگەن ھەر خىل تارىخىي، مىللى ۋەقەلەرگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەزى قەھرىمانلىق داستانلىرىدا («نوزۇگۇم»، «سادىر پالۋان»، «ئوغۇزنامە») جۇملىدىن قىرغىز خەلقىنىڭ مەشھۇر «ماناس» داستانى، قازاق خەلقىنىڭ «ئىرتاغىن» قاتارلىق داستانلىرىدىمۇ تارىختا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ھەر خىل جەڭ ـ ماجرالار تەسۋىرلىنىپ، ئۇنىڭدا گەۋدىلەنگەن قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازى شۇ مىللەتنىڭ ئېپتىخارى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. بىز ئەدەبىي مىراسلىرىمىز ئىچىدىكى بۇنداق مەزمۇنلاردىن چۆچۈپ كەتمەسلىگىمىز كېرەك. تارىخىي نۇقتىدىن بۇنداق ئەسەرلەرگىمۇ تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش "قەدىمقىنى ھەدەھـ

يىلەپ، ھازىرقىنى ئەيىپلەش ئەمەس، ھەرقانداق فېئوداللىق زەھەرلەرنى ماختاش ئەمەس، بەلكى، تارىختا مۇئەييەن پەننى ئورۇن بېرىش، تارىخنىڭ دىيالېكتىك تەرەققىياتىنى ھۆرمەتلەش" بولىدۇ.①

ئەدەبىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىشنىڭ ئەلۋەتتە قەدەم-باسقۇچلىرى بولىدۇ. ئالدى بىلەن، بىرىنچى قەدەمدە ئەجدات-لىرىمىز ياراتقان ئەدەبىي مىراسلارغا قارىتا يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولۇش، ئۇنىڭ بىلەن تولۇق تونۇشۇپ چىقىش زۆرۈر، ئاندىن، ئىككىنچى قەدەمدە ماركسىزىم-لېنىنىزىملىق ئۇسۇل بويىچە ئۇنىڭ مېغىزى بىلەن شاكىلىنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرىنى توپلاش ۋە نەشر قىلىش بويىچە ئىشلىنىۋاتقان خىزمەتلەرنى پەقەت 1-قەدەمنىڭ باشلىنىشى دېيىش مۇمكىن، شۇنداق بولغاچقا بۇ ساھەدىكى ئىشىمىزنىڭ مۇقەددىمىسىدە بەزى كەمچىلىك-خاتالىقلاردىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. شۈبھىسىزكى، بىرىنچى قەدەم باشلانغان ئىكەن، ئىككىنچى باسقۇچلۇق خىزمىتىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك. كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى بارلىق مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى، تارقاتقۇ-چىسى ۋە باھالىغۇچىسىدۇر. شۇڭا ئۇلار ئەدەبىي مىراسقا دۇچ-

---

① «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1971-يىل نەشرى، 2-توم، 1277-بەتكە قاراڭ.

كەلگەندە ئەملىيەت جەھەتتە ئۇنىڭ مېغىزى بىلەن شاكىلىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە.

ئۈچىنچى مۇھىم نۇقتا، ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مەقسىدىنى ئېنىق تونۇش لازىم. يولداش ماۋ زېدۇڭ «نۇتۇق»تا، ۋارىسلىق قىلىشتىن مەقسەت ئەيىنەك قىلىش ئىكەنلىكىنى، يەنى ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى ئاددى ھالدا تەقلىت قىلىپ، ئۆلۈك ھالدا كۆچۈرۈۋېلىش، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىيىتى ئورنىغا دەسسىتىش ئەمەس، بەلكى يېڭىلاش ۋە ئىجات قىلىش ئىكەنلىكىنى شەرھىلەپ بەرگەن ئىدى. مەلۇمكى، ئۆتمۈش دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات شۇ چاغدىكى ئىجتىمائى بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ، شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆز دەۋرىدە قانچىلىك ئىلغار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كېيىنكى دەۋرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەرىبىر ئۇنىڭ تارىخىي چەكلىمىسى بولىدۇ، يېڭى دەۋرنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇش تەرەققىياتى ئەدەبىياتقا نىسبەتەن ھامان يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە يېڭى دەۋرنىڭ كىتابخانلىرى ئەدەبىياتتىن ئۆزلىرىنىڭ دەۋر روھىغا ماس بولغان يېڭى ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھال ئەدەبىياتنىڭ مەزمۇنى بىلەن شەكلىدە يېڭى تەرەققىيات بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق دەۋردىكى ئەدەبىياتنىڭ ھەممىسى كىلاسسىك ئەدەبىي مىراسلار ئاساسىدا يېڭىلىنىشى ۋە ئىجات قىلىنىشى شەرت.

بۇنداق قىلىش دەۋرنىڭ تەقەززاسى، خەلقنىڭ تەلىۋى.

مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش يېڭىلاشنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇلار دىيالېكتىك بىرلىككە ئىگە. يېڭىلاش بولمىسا، ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىشمۇ بولمايدۇ. يېڭىلاش جەريانى، ماھىيەتتە، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى ساقلاپ قېلىش جەريانىدۇر. تارىختا ئۆتكەن ھەممە ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلاشنىڭ قانۇنىيىتىنى توغرا ئىگەللىگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىنكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يېڭىلاش ساھەسىدە خېلى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكا مۇقامى بولغان 12 مۇقام ئاساسىدا ئىشلەنگەن «خەلق گۆھىرى ياخشى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئوپېرا، كىلاسسىك خەلق داستانى «غېرىپ — سەنەم» ئاساسىدا ئىشلەنگەن «غېرىپ — سەنەم» كىنو سىنارىيىسى، نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ئاساسىدا ئىجات قىلىنغان «نەسىرىدىن ئەپەندى» فىلىمى، «پەرھات — شېرىن»، «رابىئە — سەئدىن» ئوپېرالىرى، «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەر كىلاسسىك ئەدەبىي مىراسلار ئاساسىدا يېڭىلاپ ئىجات قىلىشنىڭ بىر قىسىم ئۈلگىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتىن مەقسەت سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات —

سەنئەت ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەدەبىياتنى ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. "چەتئەللەر-نىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش"، "قەدىمقىلىرىنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش"، "كونىلىرى ئاسا-سىدا يېڭىلىرىنى يارىتىش" فاڭجېنىنىڭ تۈپ مەزمۇنى ئەنە شۇ.

يېڭىلاش ۋە ئىجات قىلىش ئەدەبىي مىراسلارنىڭ پەقەت ئەينەكلىك رول ئوينايدىغانلىغى "مەنبە" ئەمەس، بەلكى "ئېقىن" ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بەزىلەر ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا "مەنبە" بىلەن "ئېقىن"نى بىر بىرىگە ئارىلاش-تۇرۇۋېتىپ، ئۆتمۈشتىكى ئەدەبىي مىراسلارنىمۇ "مەنبە" دەپ قاراپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى بەرپا قىلىشتا بۈگۈنكى رىيال ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بىردىن-بىر مەنبە قىلىشقا سەل قارايدۇ. بۇنىسى خاتا.

ئاخىرىدا يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ پىرىنسىپى ۋە ئۆلچەم-لىرىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ سوتسىيا-لىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز مىراسلارغا مۇئامىلە قىلىشتا تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق ئىدىيىنى يېتەكچى قىلىپ، سىنىپىي تەھلىل نۇقتىسىنەزىرى ئاساسىدا ئەدەبىي مىراسلارغا ئەڭ توغرا، ئەڭ ئىلمىي باھا بېرىدۇ، ئەنە شۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆتمۈش دەۋرلەرنىڭ ھەرقانداق ئەدەبىياتىدىن پەرقلىنىدۇ. يولداش

ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "قەدىمقى زامان مەدە-
نىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ فېئوداللىق
شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، دېموكراتىك مېغىزىنى قوبۇل
قىلىش مىللىتىمىزنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇش،
مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر
شەرتى؛ ئەمما ئۇلارنى تەنقىتسىز، قارا-قويۇق قوبۇل قىلى-
ۋېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. قەدىمقى زامان فېئودال ھۆكۈمران
سىنىپلارنىڭ ھەممە چىرىك نەرسىلىرىنى قەدىمقى زامان ئىسىل
خەلق مەدەنىيىتىدىن يەنى ئازدۇر-كۆپتۇر دېموكراتىيىلىكى
ۋە ئىنقىلاۋىيلىغى بولغان نەرسىلەردىن پەرقلەندۇرۇش
كېرەك."① مانا بۇ مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشنىڭ
ئاساسىي پىرىنسىپى. بىز بۇ پىرىنسىپقا ئاساسەن، ئۆتمۈشتىكى
ئەدەبىي مىراسلارغا ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ خەلققە قانداق
مۇئامىلە قىلغانلىغىغا، تارىختا قانداق رول ئوينىغانلىغىغا قاراپ
پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
بىللە، ئۆتمۈشتىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى تارىخىي،
سىنىپىي چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان بولغانلىغى ئۈچۈن، ھەر بىر
ئەسەرنى كونكرېت ئىنچىكە تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك. بەزى ئىلغار
ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمى يېتەكچى خاھىشىدىن قارىغاندا، ئۇ

① «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1971-يىل نەشرى، 2-توم،
1276-بەتكە قاراڭ.

خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئىلغار رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ فېئوداللىق شاكاللار بولىدۇ. بۇ خىل تەركىبنى ئېنىق كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائى، تارىخىي سەۋەبىنى تەھلىل قىلىشىمىز لازىم. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى 11 - ئەسىردىكى — قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن ئىدىئولوگىيىسىنى يەنى پەلسەپە، لوگىكا، ئەخلاق، ئېستېتىكا، سىياسەت، دۆلەت، قانۇن ۋە ئىجتىمائى ھاياتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرگەن، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تەقدىر - ئىلاھىيەتچىلىك، قانداشلىق، مۇرەسسەچىلىك ئىدىيىلىرىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاشۇنداق قارىمۇ - قارشىلىق باشقا كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ئورتاق ھالدا مەۋجۇت بولۇپ، بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك دەۋرىمىزدە بۇ خىل ئىدىيىنىڭ ھېچقانداق ئىجابى ئەھمىيىتى بولمايلا قالماستىن، بەلكى سەلبى رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى تارىخىي رولىنى ۋە بۈگۈنكى ئەھمىيىتىنى توغرا كۆرسىتىپ، مۇشۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ بەدىئى ئىجادىيەتتىكى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم.

يەنە بەزى ئەسەرلەر بەدىئىلىك جەھەتتە مۇكەممەل بولسىمۇ، لېكىن ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ساغلام ئەمەس. مەسىلەن، 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى تۇغۇلۇپ 1166 - يىلى ۋاپات بولغان خوجا ئەھمەت يەسەۋى تەسەۋۋۇپ (ئىشانلىق) ئەدەبىياتىنىڭ

يېرىك نامايەندىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە خۇداكويلۇق، تەركى دۇنياچىلىق مەزمۇن قىلىنغان تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىسى تەشۋىق قىلىنغان. ئومۇمەن ئۇنىڭ ئىجادىيىتى، ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە، دىنىي ـ مىستىك خاراكتېرغا ئىگە. بەدىئى جەھەتتە، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مەلۇم ئورنى ۋە قىممىتى بار. بولۇپمۇ شېئىرىي تىل جەھەتتە ئاممىباپلىقى ۋە ماجازىلىقى بىلەن ئۇيغۇر بەدىئى تىلىنىڭ تەرەققىياتىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى بەدىئى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەينەك تەرىقىسىدە پايدىلىنىشنى رەت قىلىش توغرا ئەمەس، شۇنىڭدەك ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ رولىنى قارا ـ قويۇق مۇئەييەنلەشتۇرۇۋېتىشمۇ خاتا.

ئەجداتلارنىڭ بەدىئى ماھارىتىنى ئۆگىنىش جەھەتتە ئالدى بىلەن توغرا تونۇش بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە، بەدىئى ماھارەتنىڭ سىنىپىلىقى بولمايدۇ. ئۆتمۈش دەۋرلەردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر گۈزەل بەدىئى شەكىل بىلەن ئىلغار مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىئى ماھارىتى، ئىپادىلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلار بىزنىڭ بۈگۈنكى ئىجتىمائى تۇرمۇشنى ئىپادىلىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدۇ. ئاشۇ سەۋەپتىن ئالدى بىلەن ئۇنى ئۆگىنىشىمىزگە ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، ھەرقانداق بەدىئى ماھارەت ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى دەۋرنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەڭ

تەدرىجى تەرەققى قىلىدۇ، مۇكەممەللىشىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى تۇرمۇش بىزدىن ئەجداتلىرىمىز ياراتقان ئەنئەنىۋى شەكىل ئاساسىدىكى يېڭى ماھارەت ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئىزدەش ۋە يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. "شەكلى مىللى، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك" ئەدەبىيات ـ سەنئەت يارىتىش پىرىنسىپىنىڭ كونكرېت مەزمۇنىمۇ ئەنە شۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، "كونىدىن يېڭىنى يارىتىش" ماركسىزىملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاراشلىرى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە مېڭىشقا تېگىشلىك مۇقەررەر يول. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ 4 تە زامانىۋىلىشىشىغا زور تۆھپە قوشۇشنى مەقسەت قىلغان بارلىق ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ماركسىزىم ـ لېنىنىزىم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېلىمىزنىڭ ۋە چەتئەللەرنىڭ بارلىق ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، دەۋرىمىزنىڭ پارلاق نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت شانلىق ۋەزىپىنىڭ ئەھدىسىدىن چىققىلى بولىدۇ.

1982 ـ يىل 3 ـ ئاي.

# «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى شېئىر - قوشاق - لارنىڭ پەلسەپىۋى قىممىتى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك ئالىمى ۋە تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقىرى تەرىپىدىن مىلادى 1072 — 1074 - يىللىرى يېزىلغان قامۇس — «تۈركى تىللار دىۋانى» ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائى ھاياتىنى لۇغەتشۇناسلىق يولى بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەن شاھانە ئەدەبىي مىراستۇر. "«تۈركى تىللار دىۋانى» ئەرەپلەرنىڭ تۈركى تىلنى ئۆگىنىش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن ئاددى سېلىشتۇرما لۇغەت كىتاۋى ئەمەس، بەلكى قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىي ھاياتىنى، جۈملىدىن ئىلىم - پەن، سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەت - لىرىنى، ھاكىمىيەت، سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ - ئادەت ۋە تۇرمۇش قاراشلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇش - تۇرىدىغان مۇكەممەل قامۇستۇر."①

① «تۈركى تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1981 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم، كىرىش سۆز قىسمىنىڭ 18 - بېتىگە قاراڭ.

«تۈركى تىللار دىۋانى»دا، ئىزاھلانغان نۇرغۇن سۆزلەملەرنىڭ ئىستىمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئەدەبىي پارچىلار مىسال قىلىپ ئېلىنغان. («دىۋان»نىڭ 3-تومىدا مۇنداق شېئىرى پارچىلار تارقاق بېرىلگەن بولۇپ، 240 تىن ئاشىدۇ.) بۇ ئەدەبىي پارچىلار مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن قەدىمقى ئۇرۇق-قەبىلىلەرنىڭ جەڭ-جېدەللىرى ھەققىدىكى داستان ۋە ئېپوسلاردىن پارچىلار. قەھرىمانلار ھەققىدىكى مەدھىيەنامىلەر ۋە مەرسىيەنامىلەر، ئەمگەك قوشاقلىرى، تەبىئەت دۇنياسى سۈرەتلەنگەن پېيزاژ قوشاقلىرى، ئوۋچىلىق قوشاقلىرى، ساقىنامىلەر، پەلسەپىۋى پىكىرلىك ھېكمەت دۇردانىلىرى، ئىلىم-پەن ۋە ئەخلاق ھەققىدىكى ئۈگۈت-نەسىھەتنامىلەر قاتارلىق بىرقانچە چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. «دىۋان»دىكى بۇ شېئىر-قوشاقلار تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە خىلمۇ-خىللىقى جەھەتتىن بىزنى ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى پارلاق ئۈلگىلىرى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بىز دىۋاندىكى ئەدەبىي پارچىلاردىن 10-ئەسىردىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە ئەھۋالىنى بىرقەدەر ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ئەمەلىي چۈشەنچىلىرىنى، كۆزقاراشلىرىنى، دۇنيانىڭ ئومۇمى قىياپىتى بىلەن بىر پۈتۈنلىگى توغرىسىدىكى ساددا ماتېرىيالىزىملىق تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر

ئىقتىدارلىرىنى ھىس قىلالايمىز. بۇ ماقالىمىزدا پەقەت «دىۋان» دىكى ئايرىم شېئىر ـ قوشاقلاردا ئالغا سۈرۈلگەن بەزى پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر ئۈستىدىلا قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز.

*　　　*　　　*

مەلۇمكى، پەلسەپە ئىنسانلارنىڭ نەزىرىيىۋى تەپەككۇر مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ، ئۇلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا شەكىللەنگەن تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى بىلىشلىرىنىڭ سەمەرىسى. بىر خىل مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدا بەلگىلىك ئىلغار رول ئوينىيالىشى ئالدى بىلەن بىرقەدەر سېستىمىلىق بولغان ئىلغار پەلسەپىۋى قاراشنىڭ بولۇشىغا باغلىق بولىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەرقانداق پەلسەپىۋى ئىدىيە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلەن تەكرار شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدە ئەكس ئېتىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەلگىلىك پەلسەپىۋى ئىدىيىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىنى سەۋەپ ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى تەرىقىسىدە چۈشىنىش لازىم. يەنى ئىنسانىيەت ئۆزلىرىنىڭ دۇنيادا ياشاش ئېھتىياجى ئۈچۈن ھەمىشە ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان تۈرلۈك شەيئىلەر بىلەن مۇئەييەن ئالاقىدا بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار كونكرېت شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ ۋە ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئۆزگەرتىشكە تىرىشىدۇ. بۇنىڭ

بىلەن ئۇلاردا بىر خىل نەزىرىيىۋى تەپەككۇر پائالىيىتى پەيدا بولۇپ، شەيئىلەر ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچە ۋە كۆزقاراشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. نەتىجىدە سەۋەپ نەتىجىگە ئۆزگىرىپ، بىر سەۋەپ بىر نەتىجە، بىر نەتىجە بىر سەۋەپ بولۇپ ئۈزلۈك-سىز تەرەققى قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە بەلگىلىك دۇنياقاراش ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى بارلىققا كېلىدۇ. گەرچە دۇنياقاراش، پەلسەپىۋى ئىدىيە ھەممىلا ئادەمدە بەلگىلىك دەرىجىدە مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ھەممە كىشىنىڭ ئاڭلىق ۋە سىستېمىلىق ھالدا ئىگەللىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەرقايسى مىللەتنىڭ تارىخىدا تەبئى ھالدا مەۋجۇت بولىدىغان بۇ خىل پەلسەپىۋى ئىدىيە بىخلىرىنى (بولۇپمۇ ماتېرىيالىزىملىق ۋە دىيالېكتىك ئىدىيە ئەنئەنىلىرىنى) ھەممىدە ئۇلارنىڭ نەزىرىيىۋى سىستېمىغا ئايلىنىش جەريانلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ، ماتېرىيالىزىملىق بىلىش نەزىرىيىسىنىڭ مەيدانىغا كېلىش ئاساسلىرىنى ئىلمىي ھالدا چۈشىنىۋېلىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەمگەكچان، مەدىنى-يەتلىك، پاراسەتلىك ۋە جاسارەتلىك مىللەت بولۇپ، ئۆز تارىخىدا مول ئىجتىمائى ئاڭ ئەنئەنىسىگە، جۈملىدىن ماتېرىيال-ىزىملىق ۋە دىيالېكتىك پەلسەپىۋى ئىدىيە ئەنئەنىسىگە ئىگە. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي ھاياتىنى، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە ياراتقان ماددى ۋە مەنىۋى مەدىنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى،

گۈزەل كېلىچەك ھەققىدىكى غايىۋى قاراشلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا يېتىلگەن بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۇلارنىڭ مەنتىقىلىق ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر ئىقتىدارىدىن، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا شەكىللەنگەن پەلسەپىۋى ئىدىيە ئىزچىللىقىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. تىل ئومۇملۇغى، تېرىتورىيە ئومۇملۇغى، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئومۇملۇغى ۋە مەدەنىيەت بىرلىكىدە ئىپادىلىنىدىغان روھىي ھالەت تۈزۈلۈشى ئومۇملۇغى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسلىرىنى ئىنكار قىلىش ماھىيەتتە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي شەكىللەنىشى ۋە تارىخىي مەزمۇنلىرىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، «دىۋان»دا ئۆرنەك قىلىنغان ئەدەبىي پارچىلاردا ئالغا سۈرۈلگەن پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئۆزىگە خاس مىللىي شەكىل ۋە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ بەلگىلىك تارىخىي باسقۇچتا شەكىللەنگەن پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ ئورگاناللىقى ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئىلغار پەلسەپە ئىدىيە تارىخىغا ئىگە خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپە قاراشلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا بەزى قاراشلار كۈچلۈك خەلقارا، ئومۇم كىشىلىك خاراكتېرىغا ئىگە بولىدۇ. يەككە-يېگانە ۋە نوقۇل ھالدىكى پەلسەپە ئىدىيە خاسلىقى ۋە ئومۇملىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن

ئەمەس.

ھەرقانداق پەلسەپىۋى ئىدىيە ھامان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن پەيدا بولۇپ، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئىلمىي سىستېمىغا ئايلاندۇرغان شانلىق نامايەندىلەرنىڭ جاپالىق ئەمگەك ئەجرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا. ئالدى بىلەن ئاۋام خەلق ئىچىدە بىخ سۈرۈپ نوتلايدۇ. ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى ئانىمىزملىق بىلىش فورماتسىيىسىدىن تارتىپ ماركسىزملىق (دىيالېكتىك ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق) بىلىش فورماتسىيىسىگىچە بولغان ئىنسانلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق بىلىش تارىخىنىڭ ئوبيېكتىپ باسقۇچلىرىغا نەزەر سالساق، بۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشتا نەزىرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن تۈرتكە بولغان پەلسەپىۋى، ئىدىيىۋى قاراشلارنىڭ ئالدى بىلەن خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئىجادىيەتلىرىدە ئەكس ئەتكەنلىكى كۆزگە چېلىقىدۇ:

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، «دىۋان»غا تاللاپ كىرگۈزۈلگەن شېئىر-قوشاقلار قانداقتۇر تارىخ يىلنامىسى ياكى بىرەر شەخسنىڭ، بەلگىلىك بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ئۇنىڭدىكى جەڭ قوشاقلىرى، ئوۋچىلىق قوشاقلىرى، قەھرىمانلار ھەققىدىكى مەرسىيەنامىلەردىن «دىۋان» بارلىققا كېلىشتىن تولىمۇ يىراق بولغان دەۋرلەرنىڭ كارتىنىسى بىزگە ئايان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شېئىر-قوشاقلارنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، ئوبرازى، ۋاستى-

لىرى، ئۇسلۇبى جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكلىرىدىن قارىغاندا، بۇ جەھەتلەردە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن شېئىر ـ قوشاقلاردىن پەرقلىنىدۇ. ئالىم مەھمۇت قەشقىرى بۇ ئەدىبىي پارچىلارنى بەلگىلىك پەلسەپۋى نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەقسىدىدىن ئەمەس، بەلكى تۈركى تىل سۆزلۈكلىرىنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش ئۈچۈن «دىۋان»غا كىرگۈزگەچكە، ئۇنىڭدىكى پىكىرلەرنىڭ ئۆزى بىلەن دەۋرداش بولغان «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانلىرىدىكىدەك مۇئەييەن پەلسەپۋى ئىزچىللىققا ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئەدىبىي پارچىلاردا خەلقىمىزنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئەنئەنىۋى ئىدىئولوگىيىلىك قاراشلىرى سېزىلەرلىك دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن.

بىرىنچى، بىلىش تارىخىدىكى تۈپ مەسىلە جۇملىدىن پەلسەپۋى بىلىش تارىخىدىكى تۈپ مەسىلە دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيادىكى ئورنى مەسىلىسىدىن ئىبارەت، بۇ ماددا بىلەن روھ، مەۋجۇدىيەت بىلەن ئاڭ، ئىنسان مەركەزلىك بىلەن تەڭرى مەركەزلىك... قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىخچام يىغىنچاقلايدۇ. مانا بۇلار ئىدىيالىستىك پەلسەپۋى قاراش بىلەن ماتېرىيالىستىك پەلسەپۋى قاراشنى پەرقلەندۈرىدىغان ھالقىلىق مەسىلە.

ماتېرىيالىزمنىڭ ئەڭ تۈپ قائىدىسى ئوبيېكتىپ ماددى دۇنيانىڭ بىرلەمچى، ئاڭنىڭ ئىككىلەمچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ

قىلىشتىن ئىبارەت. مۇشۇ تۈپ قائىدە بويىچە، ئەمەلىيەت جەريانىدا يەكۈنلەنگەن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن، ماتې-رىيالىستلار دۇنيانىڭ ماددىلىقىنى. كائىناتتىكى پۈتكۈل ئۆزگە-رىشلەر (تەبىئەت ۋە جەمىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەر)نىڭ مەۋجۇت-لۇقىنىڭ ھەركەت شەكلى ئىكەنلىكىنى، ماددىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھەركىتى جەريانىدا كونا نەرسىلەرنىڭ يوقىلىپ، يېڭى نەرسى-لەرنىڭ چوقۇم مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يېڭىلىق تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكا-لايدۇ. بىز «دىۋان»دىكى شېئىر-قوشاقلارغا نەزەر سالساق، ئالدى بىلەن تەبىئەتكە قارىتا ئەنە شۇنداق ساددا ماتېرىيالى-زمچە قاراش نۇقتىئىنەزىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن:

(1) قىشقا ئەتىن كەلسە قالى قۇتلۇغ ياي،
تۈن كۈن كەچە ئالقىنۇر ئۆزلەك بىلەن ئاي،

(مەنىسى: قۇتلۇغ ياز كېلىش بىلەنلا قىشقا تەييارلىق قىل. چۈنكى كېچە ۋە كۈندۈزنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاي ۋە زامانمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ).

(2) قارغا قالى بىلسە مۈڭىن ئول بۇز سوقار،
ئاۋچى ياشىپ توزاق تابامەڭگە ياقار.

(مەنىسى: قارغا ئاچلىق، تەشنالىق دەردىنى سەزسە، مۇزنى چوقۇيدۇ، يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئوۋچىنى كۆرمەي، ئۇنىڭ توزىقىدىكى داننى يەيمەن دەپ، بالاغا قالىدۇ.)

«دىۋان»دىكى يۇقۇرقى قوشاقلاردا كائىناتتىكى بارلىق ئۆز-

گىرىشلەرنىڭ ماددىنىڭ (مەۋجۇدىيەتنىڭ) ئۆزگىرىش ئامىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى، شۇڭا دۇنيانىڭ سىرىنى بىلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقى، تەبىئەت ئالىمىنىڭ تۇرغۇن ھالەتتە تۇرماستىن، مەڭگۇ ھەركەت داۋامىدا تۇرىدىغانلىقى، ماددىنىڭ بۇنداق ئۈزلۈكسىز ھەركىتىنىڭ بىر خىل ئوبيېكتىپ سەۋەپ سۈپىتىدە مەنىۋى (روھى) ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى، شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەردىكى بۇنداق سەۋەپ-نەتىجە مۇناسىۋىتىنىڭ توختاۋسىز تۇردە ئالمىشىپ جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى بەدىئى تەسۋىرى ۋاستىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئەكس ئېتىلىدۇ. بىرىنچى مىسالدا، دۇنيانىڭ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، شۇڭا ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئىلاھى كۈچكە باغلاپ، ئۇنىڭ "ئىلتىپاتى"نى كۈتمەستىن، بەلكى ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى بولغان ماددى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئارقىلىق ياشاش تەلىۋىنى قاندۇرۇشى لازىملىقى تەكىتلىنىدۇ.

ئىككىنچى مىسالدا بولسا، نۇقتىلىق ھالدا تەبىئەت ۋە جەمىيەت پەلسەپىسىدىكى سەۋەپ-نەتىجە مۇناسىۋىتى فورمال لوگىكىلىق ۋە دىيالېكتىك ئۇسۇل بىلەن شەرھلەپ بېرىلگەن. خەلقىمىزنىڭ بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى ياراتقان شېئىر-قوشاقلىرىدا ئىپادىلەنگەن يۇقۇرقىدەك ساددا ماتېرىيالىستىك روھ دىنى ئەقىدىچىلىك ۋە روھانىيەتچىلىك ھاكىمىيەتلەقلىق

تورۇندا تۇرۇۋاتقان جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتى ئۇچۇن ئېيتقاندا ئاكتىپ ئىدىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئىدىئولوگىيىلىك پىكىر قىلىش تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇھاكىمە قىلغاندا مۇنداق بىر نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك، يەنى ئۇيغۇر خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ياشاش شارائىتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزگىچىلىكىگە ئاساسەن قەدىمقى دەۋرلەردىن باشلاپلا ئاسترونومىيىلىك ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇش ۋە ئۆزگىرىش سەۋەبلىرىنى بىلىشكە ھەممىدىن كۆپ قىزىققان ۋە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەركىتىدىن پەيدا بولىدىغان ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى سىنىغىدىن ئۆتكۈزۈپ، دۇنيانىڭ ماددىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان. لېكىن ئۇ دەۋرلەردە ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن باسقۇچتا تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ شەيئىلەر ھەققىدىكى ساددا تەسەۋۋۇرى تەبىئەت ۋە جەمىيەتتىكى ھەر خىل جەريانلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىنى تېخى ئېچىپ بېرەلمەيتتى. بۇ يەردە بىز ئۇچۇن قىممەتلىك بولغىنى شۇكى، بىز «دىۋان» سەھىپىلىرىدىكى بۇ شېئىر-قوشاقلاردا ئىپادىلەنگەن خەلقىمىزنىڭ قاراشلىرىدىن مۇقەررەر ھالدا شەيئىلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تاسادىپى ئەمەسلىكىنى، بەلكى سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشى كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى، ماددا مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈزلۈكسىز ھەركەتلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى

بىلۋالالايمىز.

ئىككىنچى، «دىۋان»دىكى خېلى كۆپ شېئىر ـ قوشاقلاردا ئەخلاق ـ پەزىلەت تېمىسى خەلقىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىك قاراشلىرىنىڭ يادروسى سۈپىتىدە نۇقتىلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا ئىنسانىيەت خىسلىتىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى سۈپىتىدە ئادىللىق، ساپ نىيەتلىك، ياخشىلىق، مۇلايىملىق، مېھرىۋانلىق، ئۆزگىلەرگە ھۆرمەت، سەۋرچانلىق، قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولۇش، تىلنىڭ پەزىلىتىنى ساقلاش، شېرىن سۆزلۈك، يۇمشاق تىللىق بولۇش، زوراۋانلىق، يالغانچىلىق، تەكەببۇرلۇق، ھەسەتخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، ھاياسىزلىق... قاتارلىق يامان ئىللەتلەردىن قاتتىق ساقلىنىش ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. بۇ مەزمۇندىكى شېئىر ـ قوشاقلار پەندە ـ نەسىھەت ۋە تەمسىل خاراكتېرىغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئەخلاق قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بىز تۆۋەندىكى شېئىرلارنى كۆرۈپ باقايلى:

ئۆچ كەك قاموغ كىشىنىڭ يالىگۇق يۈزە ئەلىم بىل،
ئەزگۈلۈكۈگ ئۇغانچا ئەلكىڭ بىلە تەلىم بىل.

(مەنىسى: ئۆچ ـ ئاداۋەت قىستاپ تۆلىتىۋېلىنىدىغان قەرزگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كەچ. شۇنى بىلىپ چەتتىن كېلىپ قالغان مۇساپىرلارغا قولۇڭدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىل.)

قوشنى قونوم ئوغوشقا،
قىلغىل ئاگار ئاغىرلىق.

ئارتوت ئالىپ ئانونفىل،
ئەزگۈتاۋار ئوغۇرلۇق.
(مەنىسى: ئۇرۇق-تۇققان، خۇلۇم-خوشنىلارغا ياخشىلىق قىل، ئۇلارنى ھۆرمەتلە، ئۇلاردىن سوغا ئالساڭ، تېخىمۇ قىممەتلىك سوغا تەييارلا.)

بولغاق ئۇكۇش بولسا قاچان بىلىكلىك يېتەر،
ياڭشاق تەلىم سايراپ ئانى تامغاق قاتار.
(مەنىسى: ئەلدە ئەنسىزلىك كۆپىيىپ كەتسە ئەقىل ئازىيىپ، توغرا يولدىن تايىدۇ؛ بىھۇدە گەپنى قىلىۋەرسەڭ، ئىڭىگىڭ تېلىپ ئاغزىڭ قۇرۇيدۇ.)

مەلۇمكى، ئەخلاق تېمىسى ئىنسانىيەتنىڭ مەدىنىيەتكە قەدەم قويغان كۈنىدىن باشلاپ ئەڭ مۇھىم مەركىزىي تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. شۇڭا ئۇچۇن، دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىنىڭ سەھىپىسىدە ئەڭ كەڭ ئورۇن ئالغان جۇملىدىن پەلسەپە تارىخىنىڭمۇ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن تېما ئەنە شۇ ئەخلاق-پەزىلەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئەخلاق پەلسەپىسى دېگەن ئومۇمى نام بىلەن پۈتكۈل پەلسەپە كاتېگورىيىسىنىڭ بىر تەركىۋىي قىسمى بولۇپ شەكىللىنىشىمۇ ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ ئىنسانىيەرۋەرلىك ۋە گۇمانىزىم قاراشلىرىنىڭ يادروسى سۈپىتىدە ئەڭ كەڭ ئومۇم كىشىلىك خاراكتېرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مېھماندوستلۇق، ئىززەت-ئىكراملىق، سەممىي ۋاپادارلىق، مەرتلىك، سېخىلىق، ياخشىلىق، خەيرى-ساخاۋەت-

لىك قەدىمدىن باشلاپ بىر خىل ئىجابى ئىدىئولوگىيىلىك پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىلىك تۇرمۇشقارىشى ۋە ئىدىيىۋى ئىشەنچىسىگە ئايلانغان بولۇپ، ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ ئەقەللى ئۆلچەملىرى قاتارىدا ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ قەدىمقى ئەپسانە-رىۋايەتلىرىدە، قىسسە ۋە داستانلىرىدا، قوشاق ۋە تەمسىللىرىدە ئەخلاق قارىشىنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە كۆپلەپ تەكىتلىنىشىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائى ئاساسى بار. ئۇيغۇر خەلقلىرى قەدىمدىن باشلاپ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، دىخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ماددى تۇرمۇش ئاساسى قىلغان ئىدى. ئۇلار ياشىغان رايونلارنىڭ تەبىئى گېئوگراپىك ئىقلىم شارائىتى ئاھالىلەرنىڭ تارقاق ئولتۇراقلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. گەرچە جاڭ چيەن غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە غەربىي دىيارغا (ھازىرقى شىنجاڭغا) چىققان مەزگىللەردىلا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 127 — 135-يىللىرى) بىرقەدەر ئاۋاتلاشقان خېلى كۆپ ئۇيغۇر شەھەرلىرى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىدا شەھەر تۇرمۇشى يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇرۇق-قەبىلىلەر بويىچە ئۆتىدىغان تارقاق يايلاقچىلىق ھاياتى قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا توختاۋسىز جەڭ-ماجىرا پەيدا قىلىپ تۇراتتى. ئاشۇنداق كونكرېت تۇرمۇش شارائىتى ئاستىدا، «دىۋان»دا كۆرسىتىلگەن يۇقۇرقى قوشاقلاردا قەيت قىلىنغان-

دەك. سىرتتىن كەلگەن مېھمانلارنى قەدىرلەش، مۇساپىرلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىماسلىق، خوشنا-خولۇملار (ئەينى دەۋردە خوشنا قەبىلە، مىللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن ئىناق ئۆتۈش، بىر بىرىگە قولدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش قاتارلىقلار يالغۇز نوقۇل ھالدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك خاھىشىنى ئالغا سۈرۈشلا بولۇپ قالماستىن، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىقنى ئالغا سۈرۈپ، تەبىقەچىلىكنى تۈگىتىشتىن ئىبارەت ئاكتىپ سىياسى، ئىجتىمائى ئىدىيىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۈچىنچى، «دىۋان»دىكى شېئىر-قوشاقلارنىڭ ئىجتىمائى ئىدىيۋى مەزمۇنىدىكى كۆرۈنەرلىك بىر مۇھىم تەرەپ ئەقىل-ئىدرەك ۋە ئىلىم-پەن تېمىسىدۇر.

بىلىم ئارقىلىق ئەقىل ئىدرەككە ئىگە بولۇپ، نادانلىقنى تەرك ئېتىش، بىلىملىكلەرنى ئۇلۇغلاش، مەرىپەت ئارقىلىق مەۋجۇت ئىجتىمائى قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىپ، پاراۋان ۋە بەختىيار غايىۋى جەمىيەت بەرپا قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شەجەرىسىدە ئىزچىللىقا ئىگە مەزمۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ئاساسى گەۋدىسى ئىدى. شۇڭا ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بىز «دىۋان»دا مۇشۇ مەزمۇندىكى مۇنداق قوشاقلارنى ئۇچرىتىمىز:

ئالغىل ئۆگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە،

بويدا ئۇلۇغ بىگە بولۇپ، بىلكىك ئۆلە.

(مەنىسى: ئوغۇل، مەنىدىن ئۇگۇت-نەسھەت ئال، پەزىلەت تىلە، خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، بىلىمگىنى تارقات.)

ئەردەم تىلە ئۆرگەنىبەن بولما كۆۋەز،

ئەردەمسىزنى ئوكونسە ئەگمەگۈدە ئەگەر.

(مەنىسى: ئىلىم-ھىكمەت ئىزدە، ئۇگىنىشتە مەغرۇرلانما، نادان كىشى ماختانسا، سىناق ۋاقتىدا مات بولۇپ قالىدۇ.)

بىلگ ئەرىك ئەدگۇ تۇتۇپ سۆزنى ئەشت،

ئەردەمنى ئۇگرەنىبەن ئىشقا سورا.

(مەنىسى: بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ، سۆزىنى ئاڭلا، پەزىلىتىنى ئۇگىنىپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇر.)

مەلۇمكى، ئىلىم-پەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ زور مەنىۋى بايلىغى، ئۇ يول تاپالماي گاڭگىراپ قالغاندا نىشان بەلگىلەپ بەرگۈچى كومپاس، زۇلمەت ۋە جاھالەتنىڭ قاراڭغۇ پەردىسىنى كېسىپ تاشلايدىغان ئۆتكۈر بىسلىق شەمشەر ۋە گۈزەل كېلىچەككە يېتەكلىگۈچى نۇرلۇق مەشئەلدۇر. قەدىمقى ئەجداتلىرىمىز ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىكى ۋەزىنىنى پەقەت ئۇنىڭ بىلىملىك بولغانلىغىدا، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئۆلسىمۇ، نامى ئۆلمەيدۇ، ئەخلاق بىلەن ئىلىم-پەن بىر پۈتۈن جەمىيەتنىڭ ئۇمۇرتقىسى بولۇپ، ئۆزئارا بىر بىرىنى شەرت قىلىدۇ، دەپ قارىغان. شۇنىڭ ئۇچۇن ئەجداتلىرىمىز ئۆز ئەۋلاتلىرىدىن

پەزىلەتلىك بولۇشنى، كەمتەرلىك بىلەن ھارماي-تالماي ئۆگىنىشنى، بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ پەزى-لىتىنى ئۈلگە قىلىشنى ئۈمىت قىلىپ، بۇ ھەقتە بەدىئى شەكىللەر بىلەن كۆپلىگەن ھېكمەتلىك پەندى-نەسىھەتنامىلارنى ئىجات قىلغان. ئىلىم-پەننىڭ سىرى ۋە ئۇنىڭ مىسلىسىز قۇدرىتى تېخى ئىنسانلارغا تولۇق ئايان بولمىغان ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال ھاكىمۇتلەقلىقى شارائىتىدا مۇنداق مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيە-لىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيا-تىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى.

تۆتىنچى، «دىۋان»دىكى شېئىر-قوشاقلارنىڭ يەنە بىر خاراكتېرلىق پەلسەپىۋى مەزمۇنى جاھالەتلىك فېئودالىزىم جەمىيى-تىگە نەپرەت ئوقۇپ، زاماننىڭ بۇزۇلۇشىدىكى ئىجتىمائى سەۋەبلەرنى پەلسەپە نۇقتىسىدىن يىغىنچاقلاپ، ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئىجتىمائى شارائىتنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت غايىۋى بەخت ئىستىكىنى سۈرەتلەپ بەرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. گەرچە «دىۋان»دا بۇ مەزمۇندىكى شېئىر-قوشاقلار ئانچە كۆپ ئۇچرىمىسىمۇ، لېكىن ئەينى دەۋرلەردىكى ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا ئاساسەن، زاماننىڭ زەئىپلىشىشى (بۇزۇلۇشى)نىڭ ئىجتىمائى سەۋەبلىرىنى ئىزاھلاپ بېرىدىغان بەزى شېئىر-قوشاقلار ئىجات قىلىنغان. مەسىلەن:

ئۆزلەك قاموغ كوفرەدى،
ئەردەم ئارىخ سەۋرەدى،

يۇنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى،
ئەردەم بەگى چەرتىلۇر.

(مەنىسى: زامان زەئىپلەشتى، پەزىلەت ئازايدى، بۇزۇق-يامان ئادەملەر باش كۆتەردى، پەزىلەت بېگى ئۆلگەنلىگى ئۈچۈن شۇنداق بولدى.)

بۇ پارچە مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، خۇددى ئىران شاھى نوشىرۋاندەك ئادىللىق ۋە پەزىلەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئافراسياپ (ئالپ ئەرتوڭا)غا بېغىشلانغان مەرسىيەنامە بولسىمۇ، ئۇنىڭدا روشەن سېلىشتۇرما ئارقىلىق پەزىلەتسىز، بۇزۇق، يامان ئادەملەر ھاكىمىيەت بېشىغا چىقسا، مۇقەررەر ھالدا، زامان زەئىپلىشىپ، مەرىپەتنىڭ ئاياق ئاستى بولىدىغانلىغى قەيت قىلىنىدۇ ھەمدە ئەشۇنداق پەزىلەتسىز، بۇزۇق بەگلەر (شۇ زاماننىڭ ھۆكۈمدارلىرى)گە قارىتا خەلق ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك غەزەپ-نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. «دىۋان»دىكى مۇشۇ تېمىدىكى شېئىر-قوشاقلاردا يەنە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇنداق بىر نەزەرىيىۋى قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان، يەنى زاماننىڭ بۇزۇلۇشى (ياكى بىر خىل ھاكىمىيەتنىڭ يىمىرىلىشى) بىرىنچىدىن، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ئەخلاق-پەزىلەت جەھەتتىن بۇزۇلۇشى، ئىككىنچىدىن، ئادەملەرنىڭ مەرىپەتتىن مەھرۇم قىلىنىشى بىلەن مەنىۋى زەئىپلىشىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىك ئامىلغا باغلىق. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە، بىرىنچى تەرەپ ئاساسىي ۋە ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ. ھاكىممۇتلەقلىق

فېئودال مۇستەبىتلىك ئىدىيىنى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئىجتىمائى فورماتسىيىنىڭ مۇھىم بىر نەزىرىدىيۋى ئاساسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ كۆزقاراش ھازىرقى زامان پەلسەپىسى ئۇچۇنمۇ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تېما ھېساپلىنىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، «دىۋان»دىكى شېئىر-قوشاقلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيىلەر قاراخانىلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭ ئالدى-كەينىدىكى خەلقنىڭ تەبىئەت ۋە جەمىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ. بۇ خىل ئىدىيىۋى قاراشلار ئەلۋەتتە ھازىرقى زاماننىڭ ئەڭ روشەن ئىجتىمائى خاراكتېر ئالغان ماتېرىيالىستىك ۋە دىيالېكتىك ئىلمى نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئىپتىدائى بىرخى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ناتۇرال پانتېزىملىق پەلسەپە ئېقىمىغا ئاساس بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇ.

دۇنيانى پەلسەپە نۇقتىسىدا چۈشىنىش ئىلىم دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ تېما بولۇشىغا قارىماي، خەلق ئاممىسى دانالىق ۋە ئاقىلانىلىق بىلەن تەبىئەت مەسىلىرى بىلەن ئىجتىمائى ئىدىئولوگىيىلىك مەسىلىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىزاھلاپ، ئۇنى ئۆز زامانى توغرىسىدىكى تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن بىرلەشتۈردى ۋە رىيال دۇنيا ھەققىدىكى تونۇشلىرىنى ساددا دىيالېكتىك يول بىلەن ئىستېتىك پىكىرگە ئايلاندۇرۇپ، شېئىر-قوشاق ۋە ماقال-تەمسىل تەرىقىسىدە ئەۋلاتلارغا نەمۇنە قىلدى.

ئەلۋەتتە، دەۋر ئېتىۋارى بىلەن، بۇ شېئىر ـ قوشاقلاردىكى پەلسەپىۋى قاراشلار ئۆزئارا زىتلىق، قارىمۇ ـ قارشىلىقتىن خالى ئەمەس، بۇ كۆپرەك ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي چەكلىمىسى، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ۋە نەزەرىيىۋى چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت تارىخىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان "كالام"چىلارنىڭ "تەقدىر ئىلاھىيەتچىلىك"، "تەبىقىچىلىك"، "شۇبھىچىلىك" ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ماركسىزىم ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بارلىق مۇنەۋۋەر پىكىرلەرنىڭ قانۇنىي ۋارىسى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئالى جەۋھىرى سۈپىتىدە، ئىنسانىيەت تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا شەكىللەنگەن گۇمانىزىم، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاق، بەخت ـ سائادەت، ئىنسانپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى بارلىق ئۇتوپىك قاراشلارغا ئىجابى باھا بېرىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن ئۆزىنىڭ «ئىككى تۈرلۈك ئۇتوپىيە» ناملىق ماقالىسىدا خەلق ئارىسىدىكى ئۇتوپىك قاراشلارنىڭ ئالەمشۇمۇل تارىخىي خاراكتېرلىق ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ گەرچە ئىقتىسادىي كاتېگورىيىدە ناتوغرا بولسىمۇ، تارىخىي جەھەتتىن توغرىلىقىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئاخىر بىر كۈن تارىخشۇناسلار مۇنداق يۈزلىنىشنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىدۇ ۋە مۇنداق يۈزلىنىش بىلەن 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 10 ـ يىللىرىدا 'بولشېۋىزىم' دەپ ئاتالغان ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ مۇناسىۋىتىنى

تەكشۈرۈپ چىقىدۇ".

دەرۋەقە، «دىۋان»شۇناسلىق ئىلمىمىز ئۈچۈن تېخى ئېچىلمىغان ئىلمىي غەزنە بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى بۈيۈك قىممىتىنى مۇھاكىمە قىلىش ئەندىلا كۈنتەرتىپكە قويۇلۋاتىدۇ. نۆۋەتتە «دىۋان»نىڭ ھەرقايسى ئىلىم-پەن قۇرۇلۇشىدىكى تۈرتكىلىك رولىنى، جۈملىدىن ئۇنىڭدىكى شېئىرىي پارچىلار ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى قاراشلارنى ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى بىلىش جەريانىنىڭ بىر بالدىقى سۈپىتىدە، ئۇنىڭ ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىكى تۇتقان ئورنى ۋە قىممىتىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈر دەپ قارايمىز. بىز پەننىڭ يۇقۇرى پەللىسىگە چىقىشقا يۈرۈش قىلىپ، زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت قۇرۇپ چىقىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھازىرقى زامان بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتىن تاشقىرى، مىللىتىمىزنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنى ۋە دۇنياقارىشىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق ئامىللارنى ئومۇملاشتۇرۇشىمىز، سېستىمىلاشتۇرۇشىمىز لازىم ھەمدە ئۇنىڭدىكى مول پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ھازىرقى زامان پەلسەپە ئىدىيىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئەنە شۇ مەقسەتتە بۇ ساھەدىكى مۇھاكىمىگە تاشلانغان ئىپتىدائىي قەدەم سۈپىتىدە «دىۋان»دىكى ئايرىم شېئىرىي پارچىلار ئۈستىدە يۈزەكى پىكىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق.

1982-يىل 7-ئاي.

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە ئۇنىڭ پوئېتىك قۇرۇلۇشى

بىز ئومۇمى نۇقتىدىن، ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىيەتلىرى ئىنتايىن مول، خىلمۇ-خىل دەپ يەكۈنلىگەندە، ئەلۋەتتە خەلقىمىز ياراتقان ئاغزاكى ئەدەبىياتنىڭ كونكرېت نەمۇنىلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت غەزنىسىدە چاقناپ تۇرغان پارلاق ئۈلگىلىرىنى نەزەردە تۇتىمىز، لېكىن شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىزكى، بىر مىللەتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا ھەممە ژانىر ۋە تۈرلەرنىڭ تەرەققىيات قەدىمى ئەندىزىلىك ھالدا تەكشى بولمايدۇ. مەسىلەن: بەزى مىللەت خەلقلىرى ئارىسىدا ناخشا-قوشاق ئىجادىيىتى بىرقەدەر تەرەققى تاپقان بولسا، بەزىلىرى ئارىسىدا مىفولوگىيە، ھېكايە چۆچەكلەر ياكى قىسسە ۋە داستانچىلىق ئىجادىيىتى نىسبەتەن تەرەققى تاپقان بولىدۇ، بۇ ھال شۇ خەلقلەرنىڭ سەنئەت ئىرادىتىسىيىسى، ئىجتىمائى شارائىتى ۋە ئىستېتىك قاراشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىگى قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتكە ئىگە، خۇددى ماركس كۆرسەتكەندەك: "...سەنئەتكە كەلسەك، شۇ نەرسە مەلۇمكى، ئۇنىڭ مۇئەييەن

دەۋرلەردە ئۆلمەپ ياشىنىشى جەمىيەتىنىڭ ئومۇمى راۋاجىغا،
يەنى جەمىيەت تۈزۈلۈشىنىڭ ئىسكىلىتى بولغان ماددى ئاساسىنىڭ
راۋاجىغا زادى مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. مەسلەن: گىرىكلەرنى ياكى
شېكسپىرنى ھازىرقى خەلقلەر بىلەن سېلىشتۇرساق، دەل شۇنى
كۆرىمىز. سەنئەت ساھەسىدە مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان
بەزىبىر شەكىللەر پەقەت سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ قويۇق
باسقۇچلىرىدا ۋۇجۇتقا كېلىشى مۇمكىنكى، پۈتۈن بىر دەۋرگە
ۋەكىللىك قىلغۇچى ئېپوسقا ئوخشاش شەكىللەرنىڭ بەدىئى
ئىجادىيەت پەيدا بولغاندىن بۇيان يەنە قايتا تەكرار يارىتىلىشى
مۇمكىن ئەمەس."① بۇ بىر ئابزاس سۆز بىزگە ھەرقايسى
مىللەت خەلقلىرىنىڭ (جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ) ئېغىز ئەدەبىي-
ياتىدا مەۋجۇت بولغان خىلمۇ-خىل شەكىللەرنىڭ تەرەققىياتى-
دىكى تەكشىسىزلىكنىڭ ئىجتىمائى سەۋەپلىرىنى نەزىرىيە جەھەت-
تىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى غەزنىسىدە
گرېكلەرنىڭ «ئىلىيادا»، «ئودىسسا»سىدەك، ھىندىلارنىڭ
«ماخاپخاراتا»سىدەك، قىرغىزلارنىڭ «ماناس»ىدەك، زاڭزۇ-
لارنىڭ «گىسار ۋاڭنىڭ تەرجىمھالى»دەك، موڭغۇللارنىڭ
«جاڭغىر»ىدەك، ئۆزبېكلەرنىڭ «ئالپامىش»دەك، قازاقلارنىڭ

① ك. ماركس، ف. ئېنگېلىس: «سەنئەت توغرىسىدا»، تاشكەنت،
ئۆزبېكچە نەشرى، 1-توم، 128-بەت.

«بەختىيارنىڭ 40 يۇتىغى»دەك چوڭ ئېپوسلار كۆزگە چېلىق-
مايدۇ. بۇنىڭ سەۋەپلىرى، دەل خەلقارا فولكلورشۇناسلارنىڭ
ئېيتقىنىدەك، ئىككى ئامىلغا باغلىق. بىرى، تۈركى خەلقلەر
ئارىسىدا ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن يېزىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە
بولغانلىقى. شۇنىڭ بىلەن يىرىك ھەجىملىك ئەسەرلەرنى يازما
شەكىلدە ئىپادىلەشتەك قولاي ئىمكانىيەتكە ئېرىشكەنلىكى، يەنە
بىرى، ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا ئولتۇراقچىلىق خاراك-
تېرىدىكى كۆچمەنلىك ھايات شارائىتىغا خاتىمە بېرىپ، ئولتۇ-
راق شەھەر مەدەنىيىتىگە كۆچكەنلىكىدىن ئىبارەت. لېكىن بۇ
ئۇيغۇر خەلقلىرى ئارىسىدا ئاغزاكى داستان ۋە ئېپوسلارنىڭ
زادى يوقلۇغىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇنىسى ئەجەپلىنەرلىككى،
نۆۋەتتە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە
قىلىشنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن، "ئۇيغۇرلارغا خاس ساپ ئاغزاكى
داستانلار يوق دېيەرلىك، شۇڭا دىققەت ئېتىۋارنى ئۇلارنىڭ
كىلاسسىك يازما داستانلىرىغا قارىتىش كېرەك" دەيدىغان ئۇمىت-
سىزلىك قارىشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭغا سوغاق مۇئامىلە قىلىش
خاھىشى ساقلانماقتا. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش
ۋە رەتلەش خىزمىتىنىڭ قىسقىغىنا بىر-ئىككى يىللىق ئەمەلىيىتى
جەريانىدا ئېيتىدائىي قەدەمدە 15 تىن ئارتۇق خەلق داستانلىرى-
نىڭ خەلقىمىز بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈشى بۇنداق قاراشنىڭ
ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. يۇرۇقلۇققا چىققان
ئەنە شۇ داستانلاردىن ئۇيغۇر خەلق ئاغزاكى ئىجادىيىتىدىكى

داستانچىلىق شەكلىنىڭ ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ۋە مۇنىمىنتال ئورگىناللىقىغا ئىگە ئىكەنلىگىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ۋە ئۇنىڭ پوئېتىك شەكلى ئۈستىدە مۇپەسسەل پىكىر قىلىش ئۇيغۇر فولكلورشۇناسلىقىدا تولىمۇ ئەھمىيەتلىك خىزمەتلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ.

داستان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئىچىدىكى كەڭ تارقالغان، يېنىك ھەجىملىك ئەسەرلەردىن بىرىدۇر.

خەلق داستانلىرى مۇكەممەل سيۇژىت ۋە جانلىق پوئېتىك ئوبراز ئارقىلىق كەڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت بولغان زور ئىجتىمائى مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يىرىك ژانىرى سۈپىتىدە ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

"داستان" سۆزى قىسسە، ھېكايە، شانۇ-شۆھرەت، سەرگۈزەشت، تەرىپلەش ۋە ماختاش مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما ئەدەبىي تېرمىن سۈپىتىدە بۇ نام خەلق ئاغزاكى ئىجادى ۋە يازما ئەدەبىياتتىكى يىرىك ھەجىملىك ئېپىك ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىراق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى داستانلار بىلەن يازما ئەدەبىياتتىكى داستانلار بىر بىرىدىن روشەن پەرق قىلىدۇ،

خەلق ئاغزاكى ئىجادىدا داستان ئۆتمۈش زامانلار توغرىسىدا قەھرىمانلىق غايىسى كۆلىمىدىكى ھىكايىلەر ۋە رىۋايەتلەردۇر. "ئېپوس خەلقنىڭ قەھرىمانلىق غايىسى دائىرىسىدىكى جانلىق ئۆتمۈشىدۇر. ئۇنىڭ ئىلمىي-تارىخىي قىممىتى، شۇنداقلا ئىنتايىن زور ئىجتىمائى، مەدىنىي، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىمۇ ئەنە شۇ يەردە."①

داستان مۇشۇ مەنىدە مۇرەككەپ سەنئەت ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ داستان بولۇشى ئۈچۈن مۇكەممەل ۋەقەلەر قۇرۇلمىسىدىكى ئەدەبىي تېكىست، مۇزىكا بولۇشى، داستان كۈيلىگۈچى غەزەلخانلىق سەنئىتىنى پۇختا ئىگەللىگەن ۋە مۇزىكا چالالايدىغان بولۇشى زۆرۈر. بۇنىڭدىن خەلق داستانلىرىنىڭ قويۇق مۇزىكىلىق خاراكتېرغا ئىگە بولىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

داستانلارنىڭ يارىتىلىشى خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئىجتىمائى-سىياسى كۈرەشلىرى، ئەخلاقىي، ئېستېتىك قاراشلىرى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت، ئازاتلىق ۋە باراۋەرلىك، قەھرىمانلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدىكى ئىدىيالىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىقتۇر.

خەلقىمىزنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدىكى كۈرەشلىرى ۋە غايىلىرى داستانلارنىڭ تېماتىك مەزمۇنى، ئوبرازلار سىستېمىسى، سيۇژېت

① «ئۆزبېك خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادى»، 1980-يىل تاشكەنت ئۆزبېكچە نەشرى، 187-بەت.

ۋە كومپوزىتسىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى ئۇلۇغۋار پوئېتىك ئومۇملاشتۇرۇشلار ۋە يۈكسەك بەدىئى ئوبرازلار ئۇلارنى دۇنيا فولكلورىنىڭ تەڭداشسىز نەمۇنىلىرى بولغان شەرق ۋە غەرپنىڭ بۈيۈك ئېپوسلىرى قاتارىغا قويىدۇ ھەمدە ئەنە شۇ داستانلار ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىي ۋارىسى بولغان ئازات جۇڭگودا كىشىلىرى قەلبىدە چەكسىز مىللىي ئىپتىخارلىق ۋە يۈكسەك ئىنتېرناتسىئونالىزىم تۇيغۇلىرىنى يەنىمۇ كۈچلۈك جۇش ئۇرغۇزىدۇ.

خەلق داستانلىرىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىگى شۇكى، ئۇنىڭدىكى تارىخىي ۋەقەلىك خەلق فانتازىيىسى ئاساسىدىكى ئومۇملاشقان بەدىئى ئوبرازلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇنىڭدىكى بەدىئى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئۆزىگە خاس شەكلى تىپىك ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئومۇملاشتۇرۇش خەلقنىڭ ئىجتىمائى ئادالەت ھەققىدىكى ئىدىئاللىرى ۋە ئارزۇ-ئۈمىتلىرى بىلەن مەھكەم يۇغۇرۇلغان، دىمەك خەلق داستانلىرى تىپىكلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، كومپوزىتسىيە ۋە سيۇژىت جەھەتتىن مۇرەككەپ ۋەقە-ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداق ۋەقە-ھادىسىلەر مەزمۇن تەرەپتىن قەھرىمانلىق خاراكتېرىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلار بەلگىلىك شەخسكە، يەنە خەلقنىڭ غايىسىدىكى باھادىرلار ئەتراپىغا بىرلەشتۈرۈلىدۇ. پەۋقۇلئاددە كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولغان مۇنداق ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئوبرازىغا پۈتۈن بىر خەلقنىڭ ئارزۇ-ئۈمىتلىرى، ئىمكانىيەت ۋە

ئىنتىلىشلىرى مۇجەسسەملەشكەن.
تېماتىك مەزمۇن ۋە ژانىر جەھەتتە يۇقۇرقىدەك خۇسۇسىيەت‌لەرگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى، لېكىن ھەر خىل ئىچكى ۋە تاشقى ئىجتىمائى سەۋەپلەر نەتىجىسىدە ئۇنىڭ قەدىمقى نەمۇنىلىرى ئاغزاكى ھالدا ساقلانمىغان. لېكىن خەلق ئارىسىدىكى مەددالار (داستانچىلار)نىڭ ئىجراسىدا ئاغزاكى رەۋىشتە مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن داستانلارمۇ ئاز ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى مەلۇم بولغان بۇ داستانلارنى خەلق ئارىسىدىكى داستانچىلاردىن ئاجرىتىپ ئۈگىنىش مۇمكىن ئەمەس.
ھەممىگە مەلۇمكى، داستان ۋە داستانچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى خەلق ئارىسىدىكى داستانچىلارنىڭ نامى بىلەن باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنىڭ مەدىنىي، سىياسى ھاياتىدا چوڭ ئورۇن تۇتقان داستانچىلار مېھنەتكەش خەلق ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭ ھۆرمەت ۋە ئېتىۋارغا سازاۋەر، ئۇيغۇر خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ داستانلىرىنى "مەددا" دىگەن ئومۇمى نام بىلەنمۇ ئاتايدۇ. "مەددا" سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى "مەدھىيىلىگۈچى" دىگەن بولۇپ، ئىستىمال مەنىسىدە ھىكايە ۋە داستان كۈيلەشنى كەسىپ قىلغان ماھارەتلىك ۋە ئىقتىدارلىق خەلق سەنئەتكارلىرىغا قارىتىلغان. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدە‌بىياتىنىڭ ئېتنوگراپىك شەكىللىرىدىن بىرى بولغان مەددالار

ئەدەبىياتى داستانچىلارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ھەم ئىپىك بايانىنى، ھەم ناخشا ـ مۇزىكىنى، ھەم دىراماتىك ھەركەتىنى ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرگەن ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ئۇنىۋېرسال سەنئەت شەكلى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ قويۇق مىللى ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە.

دىمەك مەددالار (داستانچىلار) بىر تەرەپتىن خەلق داستانلىرىنى كۈيلىگۈچى، يادا بىلگۈچى، ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا، نەسىلدىن ـ نەسىلگە تارقاتقۇچى ئۇستاز، خەلق سەنئەتكارلىرىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، ھىكايە ـ رىۋايەتلەر ۋە كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئىجادىي ھالدا ئۆزگەرتىپ داستان تۈزگۈچى تالانتلىق ئىجاتكارلاردۇر، ئۇنىۋېرسال سەنئەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىستېتىك سېزىمىنى ئويغاتقۇچى مەرىپەتپەرۋەرلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈش فېئودالىزىم جەمئىيىتىدە مەددالارنىڭ ئىجتىمائى ـ سىياسى ئورنى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ھەممە تەرەپتىن كەمسىتىلىشكە ۋە ھاقارەتلىنىشكە ئۇچرىغان ئىدى. نەتىجىدە چىقىش يولى تاپالمىغان مەددالار ئاخىرى سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىق ۋە تەركى دۇنياچىلىق يولىغا مېڭىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۆتمۈشتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ زىيانكەشلىكى ۋە تەسىرى نەتىجىسىدە "مەددا"لار ھەققىدە شەكىللەنگەن ئاڭسىز غەيرى چۈشەنچىنىڭ ئىجتىمائى سەۋەبى ئەنە شۇنىڭدا.

مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خەلقنىڭ ئىچكى

قاتلىمىدا زور ئابروي ۋە ئىناۋەتكە ئىگە بولغان مەددالارنىڭ داستان كۈيلىشىدە بەلگىلىك ئەنئەنىۋى قانۇنىيەت بار. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داستان ئېيتىش شەكلى ئادەتتە بىرنەچچە خىل بولىدۇ. بىر خىلى كەچكۈزدىن تارتىپ باش باھارغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارىسال ۋاقىتلىرىدا يۇرت ـ مەھەللىلەر ياكى ئۇرۇقلار بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ خاراكتىرلىق بەزمە-لەرگە مەخسۇس داستانچىلار تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ شەرىپىگە تەييارلانغان كىچىك زىياپەتتىن كېيىن داستان كۈيلەش باشلى-نىدۇ. بەزمە سورۇنىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان داستانچى ئەتراپىدىكى تىڭشىغۇچىلارغا قاراپ، مۇقەددىمە سۈپىتىدە قىزىقارلىق مۇزىكىلىق پارچىلارنى كۈيلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق داستان-چى ئۆزىدە ۋە ئاڭلىغۇچىلاردا جىددى تېمىلاردىكى پوئېتىك ئەسەرلەرنى كۈيلەش ۋە تىڭشاش ئۈچۈن كەيپىيات ھاسىل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە تونۇش بولغان داستانلارنى رەسمىي داستانچىلىق قائىدىسى بويىچە ھىكايە قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنداق كۈيلەش ھەتتا تاڭ سەھەرگىچە داۋاملىشىدۇ. تىڭشىغۇ-چىلارنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ بەزىدە داستاننىڭ مەلۇم قىسمى ئاخىرلاشقاندا بىر قېتىم تەنەپپۇس قىلىنىدۇ. تەكلىپ ئاساسىدىكى بۇ خىل داستانچىلىق بەزى جايلاردا ھەتتا بىرقانچە كۈن داۋاملىشىدۇ. بۇنداق داستانچىلىق سورۇنلىرىدا يۇرت ـ مەھەللە ئاقساقاللىرى داستان ئاڭلىغۇچى مېھمانلارنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە بەرگەن سوغا ـ سالاملىرىنى يىغىپ داستانچىغا بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا داستانچىغا قايتىش ۋاقتىدا ئۇنى تەكلىپ قىلغۇچى ساھىپخان يەنە قوشۇمچە سوغىلار (تون، قوي، ھەتتا كالا، ئات قاتارلىق)نى ھەدىيە قىلىشى مۇمكىن. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، داستانچىغا بېرىلىدىغان بۇنداق سوغىلار ھېچقاچان مەجبۇرى ھالدا شەرتلىك بولمايدۇ، بەلكى ئىختىيارى ھالدا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ داستانچىغا بولغان كۆڭۈل ئىزھارى سۈپىتىدە بولىدۇ. تەكلىپ ئاساسىدىكى بۇنداق داستانچىلىق يەنە توي-تۆكۈن مۇراسىملىرىدا، ئەنئەنىۋى ھېيت-بايراملاردا، ھەر خىل سەيلە پائالىيەتلىرىدە ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ. يەنە بىر خىلى داستانچىلار (مەددا)نىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن جامائەت توپلانغان مەيدانلاردا ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان داستان ئېيتىش. يەنى مەلۇم بىر داستانچى ئاۋات بازار كۈنلىرى ئۆزىگە مۇۋاپىق بىر جاينى تاللاپ، ئالدىنئالا دۇمباق چالىدۇ ياكى راۋاپنى ئۈنلۈك سايرىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر دەمدىلا بۇ داستانچىنىڭ ئەتراپىغا يۈزلەپ كىشى توپلىنىپ، داستانچىنى دەۋر قىلغان ھالدا چەمبەر شەكلىدە مەيدان (سەھنە)ھاسىل قىلىدۇ. توپلانغان خەلق داستانچىنىڭ مۆلچەرىدىكىگە يەتكەندىن كېيىن، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان قىزىقارلىق ھەركەتلەر ۋە يۇمۇرىستىك سۆزلەر بىلەن جانلىق كەيپىيات ھاسىل قىلىپ، ئاندىن داستان كۈيلەشنى باشلايدۇ. بۇنداق داستان كۈيلەشنىڭ ۋاقتى ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمايدۇ. ئۇنىڭدا كۆپرەك ۋەقەلىكى جىددى بولغان جەڭنامىلىق داستانلار، رىيال تۇرمۇشتىن تاللاپ تۈزگەن تارىخى

شەخسلەر ياكى خەلق قەھرىمانلىرى شەنىگە بېغىشلانغان مۇزد. كىلىق تارىخىي داستانلار كۆپلىنىدۇ. ئۇيغۇر داستانچىلىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىي ۋە ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسلۇبى، بەدىئى ماھارىتى قاتارلىقلار ئايرىم مۇھاكىمە تېمىسى بولغاچقا، بۇ ماقالىمىزدا ئۇ ھەقتە تەپسىلى توختالمايمىز. ئەنە شۇ داستانچىلارنىڭ كۆپلىشى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مۇنداق بىرقانچە خىلغا ئايرىلىدۇ. بۇنى داستانلارنىڭ كىلاسسىپكاتسىيىسى دەپ ئاتايمىز.

## 1. قەھرىمانلىق داستانلىرى

قەھرىمانلىق داستانلىرى ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرى ھەممە كۆچمەنچىلىك ھايات بىلەن مەھكەم باغلىقتۇر. بۇنداق داستانلار خۇددى شۇ تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئۇرۇقداشلىق جەمىيىتىدە ياكى فېئودالىزىمنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە تۇرلۇك ئۇرۇق-قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدا نىزالار داۋاملىشىۋاتقان ۋە ئۇلار مۇئەييەن تېررىتورىيىلەرگە مۇقىم جايلىشىۋاتقان ھەممە ئۆز ئالدىغا مىللەت ۋە خەلق سۈپىتىدە ئۇيۇشۇشقا باشلىغان دەۋرلەردە يارىتىلغان. جەمىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئاشۇ ئوبېكتىپ باسقۇچىدا بىر قاتار ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ مۇئەييەن خەلق سۈپىتىدە تەشكىل تېپىشى، ئىپتىدائى دۆلەتچىلىك ئامىل. لىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەرقايسى

خەلقلەرنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقلىرى ئۈچۈن چەتئەل باسقۇنچىلىرىغا
قارشى مەردانىلىق كۆرسىتىشلىرى قەھرىمانلىق داستانلىرى
ئۈچۈن باي ماتىرىيال بولغان. ئىنسانىيەت تارىخىدا "قەھرىمان-
لىق دەۋر" دەپ ئاتالغان ئاشۇ باسقۇچىتىكى جەڭگى-جىدەللەر ۋە
كۈرەشلەر جەريانىدا، ئۆز ئۆزىنى ئىپادىلەشنىڭ بۈيۈك ئىپادى-
سى سۈپىتىدە قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى بارلىققا كەلدى. "خەلق-
نىڭ گۆدەكلىك دەۋرىدە ئۇنىڭ ھاياتى كۆپرەك باتۇرلۇقتا،
قەھرىمانلىقتا ئىپادىلىنىدۇ"① شۇنىڭ ئۈچۈن قەھرىمانلىق
داستانلىرى "خەلقنىڭ پەقەت گۆدەكلىك دەۋرلىرىدە ئۇنىڭ
كۈچ-قۇدرىتى ۋە ساغلام پائالىيىتى پەقەت قەھرىمانلىق غەل-
بىلىرىدە كۆرۈنگەن زامانلاردىلا پەيدا بولۇشى مۇمكىن."②
دىمەك، قەھرىمانلىق داستانلىرى ئىنسانلار ھاياتىدىكى قەھرى-
مانلىق خاراكتىرىغا ئىگە بولغان ئەنە شۇ "ئېپىك باسقۇچ"نىڭ
پوئېتىك كۆرىنىشىدۇر.

قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ ماھىيىتى رىيال ئىجتىمائى ۋەقە-
لىكنى قەھرىمانلىق ئىدىئالى شەكلىدە تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت
بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلار ئوبرازى ۋە ئۇلارنىڭ كۆرسەت-
كەن جاسارەتلىرى ئەسلى رىياللىقتىن بىر مۇنچە ئۈستۈن تۇرىدۇ.
يەنى قەھرىمانلىق داستانلىرىدا كۈيلىگۈچىنىڭ بەدىئى توقۇل-

---

① ② ۋ. گ. بېلىنىسكى: «تاللانغان ئەسەرلەر»، 1955-يىل
تاشكەنت، ئۆزبېكچە نەشرى، 167-، 173-بەتلەر.

مىسى ۋە ئىجادى فانتازىيىسى رېيال ئىجتىمائى ھايات ئامىللىرى بىلەن بىرلەشكەن ھالدا، خەلقنىڭ ئىشەنچ-ئېتىقادىنىڭ رېيال ئېلېمېنتى سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ. قەدىمقى قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن ساپ ھالدا بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى «ئوغۇز-نامە» ئېپوسى، «دېدى قورقوت» داستانى، «ئالپامىش» داستانى (تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسىدە «ئالپامىش» داستانىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ۋارىيانتى خېلى كەڭ ئومۇملاشقانلىقى ئىسپاتلانماقتا) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلاردا ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى تەسۋىرلەش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇلاردا ئۇرۇق ئاقساقاللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقتا ئىنتىلىشىدىن ئىبارەت ئۇندۇرمە ھالەتتىكى فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر تەسۋىرىمۇ مەۋجۇت.

قەھرىمانلىق داستانلىرىدا قەھرىمانلىق، جەسۇرلۇقنى ئۇلۇغ-لاش، مەرتلىك تۇيغۇلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا، سۆيگەن يارىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مەرت بولۇش ۋە دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلىش كېرەك، دېگەن غايە ئالغا سۈرۈلىدۇ.

## 2. جەڭنامە داستانلىرى

جەڭگى-جىدەللەر تارىخىي ياكى ئەپسانىۋى ئۇرۇشلار ۋە بۇنداق جەڭ ئېپىزوتلىرىدا قوشۇن ياكى يەككە شەخسلەرنىڭ

جاسارەتلىرىنى تەسۋىرلىگۈچى داستانلار جەڭنامە داستانلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

جەڭناملار قەھرىمانلىق داستانلىرى تەسىرىدە فېئودالىزىم دەۋرىدە شەكىللەنگەن. قەھرىمانلىق داستانلىرى بىلەن جەڭنامىلەرنى سېلىشتۇرساق، قەھرىمانلىق داستانلىرىدا باش قەھرىماننىڭ پائالىيىتى يەككىمۇ-يەككە ئېلىشىشلاردا، باتۇرلۇق ۋە مەرتلىك شەرتلىرىنى بېجىرىشتە نامايان بولسا، جەڭنامىلەردە تۈرلۈك-تۈمەن خاراكتىردىكى ئۇرۇش ئېپىزوتلىرىدا كۆرسىتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان جەڭنامىلەرنىڭ بىر قىسمى دىنىي تۈس ئالغان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ غازاتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەپلىرى بىرقەدەر مۇرەككەپ؛ ھۆكۈمران تەبىقە ئىسلام دىنىنى ھەربى كۈچ بىلەن تارقاتقان شەخسلەرنى خەلق ئارىسىدا تەرغىپ قىلىش مەقسىدىدە، ئۇيغۇر داستانچىلىغىنىڭ جەڭنامە شەكلىدىن پايدىلىنىپ، «جەڭنامەئى ئەبۇمۇسلىم»، «جەڭنامەئى ئەمىر ھەمزە»، «جەڭنامەئى ئارسلانخان» ئوخشاش ئىسلام دىنىنى زورلۇق كۈچ بىلەن تەرغىپ قىلغان شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلانغان جەڭنامىلەرنى ياراتقان. لېكىن بۇنداق جەڭناملەر ئۇيغۇر داستانچىلىغىدا ناھايىتى ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇرۇق، قەبىلە ياكى خەلقنىڭ مۇستەقىللىغى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەرنى تەسۋىرلىگۈچى قەدىمقى جەڭنامىلەر زامانلارنىڭ

ئۆتۈشى بىلەن تۇرلۇك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن داستانلار ئارىسىدىن چۇشۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى يۇقۇرقىدەك دىنىي خاراكتىردىكى جەڭنامىلەر ئىگەللىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەسلىدە داستانچىلارنىڭ ئاغزىدىكى بەزى جەڭنامىلەردە دۇشمەنگە قارشى كۇرەشتە مەرتىلىك ۋە جاسارەت كۆرسىتىش، ئانا تۇپراقنىڭ ئامانلىغى ئۇچۇن كۇرەش، ئەل-يۇرتلەر بىرلىگى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دوستلۇققا ئوخشاش ئالىجاناپ غايىلەر كۈيلىنىدۇ. «يۇسۇپ-ئەھمەت» ۋە ئۇنىڭ داۋامى بولغان «ئالى بەك بىلەن بالى بەك»، «جەڭنامەئى جەمشت»، «قەھرىمانى قاتىل»، «تومارىس»، «شىراق» قاتارلىق جەڭنامىلەر ئۇنىڭ يارقىن نەمۇنىسىدۇر.

## 3. تارىخىي داستانلار

تارىختا بولۇپ ئۆتكەن رىيال ۋەقە ۋە ھادىسىلەر، ئايرىم تارىخىي شەخسلەر پائالىيىتى ئاساسىدا يارىتىلغان داستان تارىخىي داستان بولىدۇ.

ئومۇملۇقتىن ئالغاندا، قەھرىمانلىق داستانلىرىمۇ ئوخشاشلا تارىخىي رىياللىقنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ، لېكىن ئۇ تارىخىي داستانلاردەك روشەن ھالدا تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيىتى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. تارىخىي داستانلاردا بولسا ئەنە شۇ نۇقتا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن تارىخىي داستانلاردىمۇ

يەنە تارىخىي چىنلىق بىلەن ئەپسانە، پاكىت بىلەن توقۇلما چېتىشىپ كەتكەن بولىدۇ. يەنى، بۇنداق ئەسەرلەردە كونكرېت تارىخىي ۋەقەلىككە فولكلورغا خاس رەۋىشتە يېڭى مەنە بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ تېمىسى ۋە ئوبرازلىرى، ئالغا سۈرگەن غايىلىرى كونكرېت تارىخىي شارائىتتىكى كۈرەشلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ.

تارىخىي داستانلار تارىختىكى كونكرېت ۋەقەلەر ۋە پاكىتلارنى تەسۋىرلەش خاراكتېرى، ھۆججەت ئاساسىنىڭ دەرىجىسى جەھەتلەردىن يەنە بىر بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنى شۇ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ: 1) تارىخىي قەھرىمانلىق داستانلىرى (مەسىلەن: «نوزۇگۇم»، «سادىر پالۋان» داستانلىرى مىسال بولىدۇ)، 2) تارىخىي فانتاستىك داستانلار، (مەسىلەن: «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانى مىسال بولىدۇ)، 3) ئاۋتوبىئوگرافىك داستانلار (مەسىلەن: «سۇلتان ساتۇق بۇغراخان»، «ئابدۇراخمانخان پاشا»، «سېيىت نوچى»، «تۆمۈر خەلىپە» قاتارلىق داستانلار مىسال بولىدۇ) دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

## 4. رومانتىك داستانلار

ئاغزاكى يارىتىلغان ۋە ئاغزاكى ئىپادىلەنگەن ئىشقىي مۇھەببەت رومانتىكىسى ۋە فانتازىيىلىك سەرگۈزەشتىلەر خەلق قەھرىمانىنى ئىدىئاللاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى سۈپىتىدە

نامايان بولغان داستانلار رومانتىك داستان دەپ ئاتىلىدۇ.

رومانتىك داستانلار فېئودالىزىم دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي مۇناسىۋەتلىرى بىلەن باغلىق بولۇپ، سۆيگۈ ماجرالىرى، قورقۇنچلۇق سەرگۈزەشتىلەر، چۆچەكلەرگە خاس فانتازىيىلىك ۋەقەلەر، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇش ھادىسىلىرى رومانتىك داستانلارنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭدا ئۇلۇغۋار سۆيگۈ رومانتىكىسى بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشىش يولىدىكى ئاجايىپ فانتاستىك قەھرىمانلىق بىر بىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كېتىدۇ.

رومانتىك داستانلارنىڭ سيۇژېت ئىسخېمىلىرى بىر بىرىگە ناھايىتى ئوخشاش بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭدىكى قەھرىمان ئوبراز ئۆزىنىڭ غايىۋانە ئاشىقىنى ئىزدەپ تىلسىماتلىق سەپەرگە ئاتلىنىدۇ، بۇ جەرياندا ئاجايىپ - غارايىپ ھادىسىلەرنى، مۇشەققەتلىك سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ، غەيرى تەبىئىي كۈچلەر بىلەن توقۇنۇشىدۇ، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاخىرى ئۆز مەقسىدىگە يېتىدۇ. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەر ئورۇن جەھەتتىن ھەشەمەتلىك سارايلاردا، شاۋقۇنلۇق بازار-لاردا، سېھىرلىك ئېرەم باغلاردا، تىلسىملىق قورغانلاردا، ۋەھىمىلىك غارلاردا، قورقۇنچلۇق يەر ۋە سۇ ئۈستى يوللىرىدا... يۈز بېرىدۇ، بىراق بۇ داستانلارنىڭ ھەر بىرى بەدىئىي قۇرۇلۇشى، ئوبراز خاراكتېرى، مەزمۇن ئالاھىدىلىكى جەھەتلەردىن مۇستەقىللىققا ئىگە بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئورگىنال خۇسۇسىيىتى بار.

لىرىك يۆنىلىشىنىڭ 1 ـ ئورۇنىدا تۇرۇشى، تەسۋىرنىڭ ئىنتىملىق تۇس ئېلىشى، يازما ئەدەبىيات تەسىرىنىڭ سىزىلمەس دەرىجىدە ئۇلارنىڭ ئىچكى تەرەققىياتى بىلەن ئورگانىك بىرلىشىپ كەتكەنلىكى رومانتىك داستانلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى بەلگىلەيدۇ. رومانتىك داستانلارنىڭ تەركىۋى ناھايىتى مۇرەككەپ؛ قەھرىمانلىق داستانلىرىدا رومانتىك ئېلېمېنتلار بولغىنىدەك، رومانتىك داستانلاردىمۇ قەھرىمانلىق ئېلېمېنتلىرى، جەڭنامە خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ، بىر داستاندا بىرقانچە خىل تىپ باراۋەر ئىپادىلەنگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇلارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا بۇ تىپتىكى داستانلارنى، 1) قەھرىمانلىق رومانتىك داستانلار («گۆر ئوغلى» تۈركۈمىدىكى داستانلار مىسال بولالايدۇ)، 2) ئىشقىي رومانتىك داستانلار («ھۆرلىقا ـ ھەمراجان»، «قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان» قاتارلىق داستانلار مىسال بولىدۇ)، 3) مەئىشەت ـ رومانتىك داستانلار («غېرىپ ـ سەنەم»، «بوز يىگىت» قاتارلىق داستانلار مىسال بولىدۇ) دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن. قەھرىمانلىق رومانتىك داستانلاردا قەھرىمانلىق خاھىشى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرسا، ئىشقىي رومانتىك داستانلاردا سۆيگۈ ماجىرالىرى، سەرگۈزەشتىلىك ۋەقەلەر تەسۋىرگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ. مەئىشەت ـ رومانتىك ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەئىشىتى تەسۋىرلەنگەن داستانلاردا رېئالىستىك ئامىللار، مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن نارازىلىق كەيپىياتلىرى، مەئىشەتلىك تۇرمۇش

بىلەن باغلىق تۇرلۇكچە تەپسىلاتلارنى تەسۋىرلەش يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 5. كىتاۋىي داستانلار

كىلاسسىك پوئېزىيە نەمۇنىلىرىنىڭ داستانچىلار تەرىپىدىن فولكلورغا خاس رەۋىشتە ئىشلىنىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ياكى يارىتىلىشى جەھەتتىن يازما ئەدەبىي مەنبەگە ئىگە بولغان، شۇنىڭدەك بىۋاستە يازما ئەدەبىيات تەسىرىدە يارىتىلغان ئەسەرلەر كىتاۋىي داستانلار دەپ ئاتىلىدۇ. كىتاۋىي داستانلارنىڭ خاراكتېرلىق خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلاردا ساپ فولكلور داستانلىرى ئۈچۈن خاراكتېرلىق بولغان قەھرىمانانە جاسارەت، جەڭگى-جىدەللەردىكى ئاجايىپ-غارايىپ جەڭگىۋارلىق نىسبەتەن ئاجىزراق بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىجتىمائى ۋە ئائىلىۋى ھاياتنىڭ تاشقى شەرت-شارائىتلىرى بىلەن توقۇنۇشقان كۆتۈرەڭگۈ مۇھەببەتنىڭ خىلمۇ-خىل كۆرۈنۈشلىرى ئىگەللەيدۇ. ئومۇمەن كىتاۋىي داستانلارغا ئاساس بولغان مەنبەنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ، رومانتىك ياكى قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە كەم ياكى كۆپ ساقلىغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، كىتاۋىي داستانلارنىڭ بىر قىسمى كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ خەلق داستانچىلىرى

تەرىپىدىن قايتا ئىشلىنىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: «پەرھات-شىرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «بەھرام ۋە گۇلەندەم»، ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «خەمسە»سى ئاساسىدا، «يۇسۇپ ۋە زىلەيخا» شۇ سيۇژىتتىكى پارسى ۋە تۈركى ئەسەرلەر ئاساسىدا، «رۇستەمى داستان»، «ۋامۇق-ئۇزرا» پارسچىدىن ئەزەربەيجانچىغا تەرجىمە قىلىنغان تەرجىمىلەر ئاساسىدا ئاغزاكى داستانلارغا ئۆزگەرتىلگەن. كىتاۋىي داستانلار ئارىسىدا يەنە شۇنداق نەمۇنىلەرمۇ باركى، ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىدا ئاساس بولغان ئەدەبىي مەنبەنى تېپىش قىيىن، لېكىن ئۇ خىلدىكى داستانلارنىڭ تېمىسى، ئۇسلۇبى، بايان قىلىش شەكلى، تەسۋىر ماھىيىتى كىتاۋىي مەنبەگە ئاساسلانغانلىقىنى ۋە يازما ئەدەبىياتقا يېقىن تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «سەنۇبەر»، «قەمەرشاھ»، «مەلىكە دىلارام» شۇنداق ئەسەرلەردىن ھېساپلىنىدۇ. «تاھىر-زوھرا»، «غېرىپ-سەنەم»گە ئوخشاش داستانلاردا بولسا ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ شەكىللىرى بولۇپ، خىلمۇ-خىل ئەدەبىي ترادىتسىيىنىڭ ئۆزىگە خاس رەۋىشتە مەھكەم چىتىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئەمما ئەدەبىي مەنبەگە ئاساسەن يارىتىلغان كىتاۋىي داستانلار ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان داستانچىلارنىڭ ئاغزىدا كۆيلىنىش نەتىجىسىدە خەلق داستانلىرىغا خاس خۇسۇسىيەتكە ۋە ئورگىناللىققا ئىگە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى مۇقەررەر ھالدا خەلق داستان-

لىرى قاتارىغا كىرگۈزىمىز ۋە شۇ ئاساستا ئۆگىنىمىز.

بىز ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ ئومۇمى بەدىئى يۈنىلىشگە قارىساق، ئۇنىڭدا ئەسىرلەر بويى تاۋلانغان ۋە پىششىقلانغان خەلقىنىڭ بەدىئى تىرادىتسىيىسى ۋە داستانچىلارنىڭ ئىجادىي پائالىيتى بىرلىكىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن ئەنئەنىۋى ئۇسلۇپ ئېلېمېنتلىرى ھەم مىللى پوئېتىك شەكىللەرنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ھىس قىلىمىز. داستانچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ماھارىتى، ئىجاتچانلىق ۋە ئىجراچىلىق پائالىيتىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئەنە شۇ خەلقىمىزنىڭ مۇستەھكەم بەدىئى تىرادىتسىيىسى دائىرىسىدىلا نامايەن بولىدۇ، خالاس.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا ئورتاق گەۋدىلەنگەن ئەنئەنىۋى ئۇسلۇپ ئېلېمېنتلىرى ۋە بەدىئى شەكىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆۋەندىكىدەك نۇقتىلاردا كۆرسىتىش مۇمكىن:

**كومپوزىتسىيە جەھەتتە:** ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ بەدىئى تۈزۈلۈشىنى شەرق خەلقلىرىنىڭ داستانچىلىقىدا ئومۇمى ئەنئەنىۋى ئەنداز بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نەزمى ۋە نەسرى تېكىستلار تەشكىل قىلىدۇ. يەنى داستاندىكى پىرسوناژلار پائالىيتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى، ۋەقە ئېپىزوت-لىرىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانلىرى نەسرى يول بىلەن قىسقىچە بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇلۇشىپلا پىرسوناژلارنىڭ

خاراكتېرى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى نەزمى ئارقىلىق ئىپادىلە-
نىدۇ. خەلق داستانلىرىدىكى نەزمىلەر (شېئىرلار) ئاساسەن
7، 8 ۋە 11 بوغۇملۇق ھىجازدا تۈزۈلگەن بولۇپ، ۋەزىن ۋە
تۇراقلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، مىسرا تۈزۈلۈشى ۋە قاپىيىلىنىش
سىستېمىسى جەھەتلەردىن ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە،
7-8 بوغۇملۇق ۋەزىن ئادەتتە داستان ۋەقەلىرىنىڭ جەڭ-
ماجىرا تەسۋىرىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ ۋەزىنلىك شېئىرلارنىڭ
مۇزىكىلىق كۈيى ئۇرۇش ۋە جەڭ پائالىيىتىگە ماسلاشقان بولۇپ،
ئاساسەن تېزلىكنى بىلدۈرىدۇ، ۋەقە كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇشقا
باپ كېلىدۇ. ئومۇمەن، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى شېئىر-
لارنىڭ بوغۇم، ۋەزىن ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، قەھرىمانلار-
نىڭ ئاتلىق سەپىرى، جەڭ مەنزىرىلىرى، قىزلارنىڭ سەيلىگاھ-
لاردا يۈرۈشلىرى، خەۋەر ۋە چاقىرىقلار، بەزمە ۋە يىغلىشلار
تەسۋىرى قىسقا بەھرىلىك (7-8 بوغۇملۇق) شېئىرلار ئارقىلىق
ئىپادىلىنىدۇ، ئۇزۇن بەھرىلىك (11 ھىجازلىق) شېئىرلار
بولسا ھەركەتنىڭ نورمال تەكشىلىكىنى، ئىنسان ھىس-تۇيغۇ-
سىنىڭ قانۇنىيەتلىك رىتىمىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
داستاندىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ ۋە مونولوگلىرى، تەرىپ-
تەۋسىپلىرى، يۈرەك ھاياجانلىرى كۆپىنچە شۇ ۋەزىندە بېرىلىدۇ.
ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا قىسقا بەھرىلىك شېئىرلارغا قارىغاندا
ئۇزۇن بەھرىلىك شېئىرلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ
ھال شېئىرلاردىكى ۋەزىن ئۆزگىرىشلىرىنىڭ خەلق داستانلىرى-

نىڭ مەزمۇنىغا بىۋاستە باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. (ئەلۋەتتە، ئىستىبتىكىنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە داستان نەزمە-لىرىنىڭ ۋەزنى ئۆزگىرىشىدىكى مەزمۇنەن ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.)

داستانلارنىڭ نەسرى قىسمىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ نەسر قىسمىغا قارىساق، ئۇلارنىڭمۇ ۋەزنىلىك باياندىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇچرىتى-مىز. مەسىلەن: "سىيىت نوچى پور بايۋەچچىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپلا شۇنداق بىر كۆتىرىۋىدى، ئۇ يىلتىزى يوق سېسىق كۆتەكتەك، پاشىنىسى يوق ئەسكى ئۆتۈكتەك يۇلۇنۇپ چىقتى. سىيت نوچى ئۇنى بىر قولى بىلەن شۇنداق ئايلاندۇرۇۋىدى، ئەيىۇھاناس! چاقپىلەكمۇ ئۇنداق ئايلانماس، پىر - پىر پىر!!!... سىيىت نوچى ئۇنى قارا شەھەر دەرياسىغا شۇنداق ئېتىۋىدى، پور بايۋەچچە خۇددى داشقا چۈشكەن ماشتەك، تاغدىن چۈشكەن تاشتەك، كۆزدىن ئاققان ياشتەك، توز قويمىغان ئاشتەك، قىلىچ ئۈزگەن باشتەك، دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا چۈشتى." («سىيىت نوچى» داستانىدىن) خەلق داستانلىرىدا نەسرى بايانىڭ ئەنە شۇنداق ۋەزىنلىك ئىپادىلىنىشى ئۇنىڭ مۇزىكى-دارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن.

داستانلاردىكى نەزمە ۋە نەسرنىڭ ئۆز ئورنى ۋە ئۆزىگە خاس ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇلار بەدىئى فۇنكتسىيە جەھەتتىن تەڭ ھوقۇقتا ئىگە، بىراق تەسۋىر ئالاھىدىلىكى ۋە ھەجىم

ئۇقتىئىنەزىرىدىن نەزمە قىسمى نەسرىدىن ئۈستۈنلۈك قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تېمىسى، سيۇژىتى، كۆپچىلىك ۋەقەلىرى ئەنئەنىۋى ئورتاقلىققا ۋە دائىملىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، خېلى كۆپلىگەن سيۇژىت لىنىيىلىرى ۋە تېكىستىتىكى بىرقانچە پارچىلار ئارىسىدىمۇ ئومۇملۇق مەۋجۇت. بولۇپمۇ ئىشقىي رومانتىك داستانلاردا بۇ خۇسۇسىيەت كۆرۈنەرلىك هالدا كۆزگە چېلىقىدۇ.

داستانلاردا مۇقەددىمە (شۇ ئەسەرنىڭ تۇگۈنى) ئۈچ ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يەنى ئەسەر باشلىنىشى بىلەن تەڭ، داستان ۋەقەلىكىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۇشكە ئائىت ئىكەنلىكى ("بۇرۇنقى ئۆتكەن زاماندا"، "بۇرۇنىسىنىڭ بۇرۇنىسىدا"...)، ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇنى ("چىن ماچىن ئېلىدە"، "دەقىيانۇسنىڭ يۇرتىدا"، "ئىسپىهاننىڭ يېنىدا"، "بەلخ ۋىلايىتىدە"، "كويىقاپ شەھرىدە"، "مىسىر ئېلىدە"...)، قەهرىمان ئەۋلادىنىڭ شەجەرىسى ياكى ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ نامۇ-نىشانىنى كۆرسىتىدۇ. شۇلار ئارقىلىق ۋەقەلىك راۋاجىغا يول ئېچىلىدۇ.

داستان مۇقەددىمىسىنىڭ مۇشۇنداق بايان شەكلىنى ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىغى (جۈملىدىن شەرق داستانچىلىغى)نىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبى دەپ چۈشەنگەندە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ۋەقەلىك ئورنىنىڭ ئىپادىسىگە قاراپ، شۇ خىل داستانلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ. بىزنىڭچە مۇنداق هىكايە قىلىشنىڭ بىرنەچچە خىل سەۋەپلىرى بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچىدىن، بۇ خىلدىكى داستانلارنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىي نىسبەتەن ئۇزۇن بولۇپ، ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائى رىياللىقىغا قارىتا خەلقنىڭ قاراشلىرىنى، مەۋجۇت رىياللىقنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى كۈرەشلىرىنى، ئەركىن ۋە بەختىيار ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشلىرىنى، خىلمۇ-خىل مۇشەققەتلەرنى يېڭىشتىكى جاسارەت ۋە پاراسەتلىرىنى، ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى خەلق ئىدىئالى سۈپىتىدە ئەنە شۇنداق داستانلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. داستانچىلار بۇنداق ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىش ۋە كۈيلەش جەريانىدا ئەينى شارائىتتىكى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قارشىلىقى ۋە كاشىلىسى تۈپەيلىدىن ئۆز يۇرتلىرىدىكى ھۆكۈمرانلارغا بىۋاستە تېگىپ كېتىشتىن ھەزەر ئەيلەپ، ۋەقەلەرنىڭ پەيدا بولغان ئورنىنى ئۆز يېرىدىن يىراق بولغان باشقا ئەل-يۇرتلاردا ياكى غايىۋى شەھەر جايلاردا يۈز بەرگەن قىلىپ كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغان.

ئىككىنچىدىن، داستانچىلار ئۆزلىرى ئىجات قىلغان داستانلارنى تېخىمۇ كەڭ دۇنياۋى خاراكتېرغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھەممە كىشىگە بىرقەدەر تونۇشلۇق بولغان چوڭ شەھەرلەرنىڭ نامىغا بېغىشلاش شۇ تارىخىي شارائىتتىكى خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ بىر خىل قانۇنىيەتلىك ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىغا ئايلىنىپ قالغان.

ئۈچىنچىدىن، بەزى داستانلاردىكى بۇنداق بايان شەكلى

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، داستان ئىجراچىلىرى ۋە خاتىرىلە-
گۈچىلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا
روشەن ئاغزاكىلىق ئالاھىدىلىك بولغاچقا، ئۇنى ئىجرا قىلى-
غۇچىلار سىنىپ ۋە گۇرۇھنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ئۇنىڭغا
ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ قاراشلىرىنى كىرگۈزىدۇ ۋە زۆرۈر ئۆز-
گەرتىشلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. بۇ پىكرىمىزنى بىر داستاننىڭ ھەر
خىل ۋارىيانتلىق شەكىللىرىنىڭ بولغانلىقى دەلىللەيدۇ. مەسى-
لەن: قولىمىزدا بار بولغان «غېرىپ-سەنەم» داستانىنىڭ 4
خىل چاپى نۇسخىسىدا ۋەقەلىك ئورنى بىر بىرىگە ئوخشمايدۇ،
«ھورلىقا-ھەمراجان» داستانىنىڭ نۇسخىلىرىمۇ شۇنداق؛ ئۇنىڭ
قولىيازمىلىرىنىڭ بەزىسىدە ۋەقەلىك ئورنى ھەلىپ شىرۋان
دەپ كۆرسىتىلسە، بەزىسىدە چىن ماچىن يۇرتى، يەنە بىر
نۇسخىسىدا تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ، خوتەنىدىكى قاراقغۇ تاغ
ئېتىكى دەپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن داستان ۋەقەلىكى-
نىڭ ئورنى ئەلۋەتتە، ئەنئەنىۋى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ
سىماسى بولالايدۇكى، ئۇ تارىخىي رىياللىقنىڭ تۈپ ماھىيىتى
ئەمەس. مۇشۇ ئوبيېكتىپ رىياللىقا ئاساسەن، تەۋەللىك جەھەتتە
خەلق داستانلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئالدى-
راقسانلىقتىن ساقلىنىپ، ئىگىلىزىملىق ياكى شوۋىنىزىملىق
خاھىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم.

داستانلارنىڭ خاتىمىسى قەھرىمانلار پائالىيىتىنىڭ يەكۈنى
سۈپىتىدە توي تەسۋىرى، جەڭ غەلىبىسى، ئاداشقانلارنىڭ

تېپىشىپ مۇرات ـ مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن تاماملىنىدۇ. خاتىمە (تۈگەللىنىش) داستاننىڭ مۇقەددىمىسىدىن پەرقلىق ھالدا، ھەم نەسىردە، ھەم نەزمىدە بېرىلىشى مۇمكىن، ئايرىم ھاللاردا داستانچىلار تۈگەللىمىدە قەھرىمانلارنىڭ مۇرات ـ مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە، ئۆزلىرى ھەققىدىمۇ قىسقىچە ھىكايە قىلىدۇ، داستاننى تىڭشىغۇچىلارغا ياخشى ئىستەكلەر بىلدۈرىدۇ.

**ئوبراز يارىتىش ئالاھىدىلىكى جەھەتتە:** خەلق داستانلىرىدا ئوبراز يارىتىش ئۇنىڭ پوئېتىك شەكلىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھېساپلىنىدۇ. خەلق داستانلىرىنىڭ ئوبرازلىرى ھەم خاسلىققا ھەم ئومۇملۇققا ئىگە بولغان كونكرېت ئادەم بىلەن غايىۋى روھنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتە ئۇ يازما ئەدەبىياتتىكى ئوبرازلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا قەھرىمان ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرى سيۇژېت راۋاجىنىڭ مەنتىق تەرتىۋى بويىچە قانات يېيىپ، تەدرىجى مۇكەممەللىشىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ئادەتتىن تاشقىرى مۇرەككەپلىكتىن خالى بولۇپ، داستاندىكى پۈتۈن ۋەقەلىك باشتىن ـ ئاخىر ئاشۇ بىر ياكى ئىككى قەھرىمان ئوبرازغا خۇددى تۈمۈر قىرىندىلىرى ماگنىتقا يېپىشقاندەك زىچ باغلىنىپ كېتىدۇ، ھەتتا داستاندىكى تەبىئەت تەسۋىرلىرىمۇ (سۇ، تۇپراق، ئاسمان، شامال، يامغۇر، ئۇچار قۇشلار، ھايۋانـ

لار... تەسۋىرى) يازما ئەدىبىياتتىكىدەك نوقۇل هالدا ئايرىم سۈرەتلەنمەستىن، قەهرىمان ئوبرازىنىڭ ئۈنىڭ بىلەن بولغان بىۋاستە مۇناسىۋىتى، هايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ كونكرىت خاراكتېرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان هالدا ۋۇجۇتقا چىقىدۇ، مەسىلەن: هەمراجان ياكى قەمەر شاهنىڭ سابا شامىلىغا مۇناجىتى، ئاسماندىكى تورغايغا مۇناجىتى، قۇم بارخانلىرىغا قىلغان ئىلتىجاسى ۋە خىتابى... قاتارلىقلار ئەنە شۇ قەهرىمانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ كونكرىت ئامىلى بولغان. داستانلاردىكى تىپىك ئوبرازنىڭ خاراكتېر تەسۋىرىدە، قەهرىمانىنىڭ ئىچكى هىس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگۈچى لىرىكىلىق كۈي قويۇق ئېنتىملىق تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇ تەبىئىي هالدا جانلىق هەركەت بىلەن بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە هاسىل قىلغان، يەنى داستانلاردا هىس-تۇيغۇ ئىچىدە هەركەت، هەركەت ئىچىدە لىرىكىلىق ئامىل چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۆز-ئۆزىدىن هىسسىيات تېپىپ تۇرىدىغان هىسسىيات بۇلىقىغا ئايلانغان.

خەلق داستانلىرىدىكى قەهرىمان ئوبرازىنىڭ خاراكتېرىدا يەنە شۇ نەرسە كۆزگە چېلىقىدۇكى، كۆپلىگەن داستانلاردا خىزىر ياكى پەيغەمبەردىن ئىبارەت بىر غايىۋى ئوبراز مەۋجۇت. داستانلاردا ئۇچرايدىغان بۇ ئورتاق ئوبراز ئەسەر قەهرىمانىنىڭ چۈشىدە ياكى چىقىش يولى تاپالماي هاياتلىق شامى ئۆچەي دېگەندە، قەهرىمانىنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا نىجاتلىق

يولى كۆرستىپ بېرىدۇ. كەلگۈسىدە ئۇنىڭ ئالدىغا دۇچكېلە-
دىغان مۇشكۇلاتلاردىن ئالدىن بىشارەت بېرىپ، ئۇنى يېڭىشنىڭ
ئۇسۇلنى ئۆگىتىدۇ ياكى ھېكمەت دۇردانىلىرىدىن نۇر چېچىپ،
قەھرىماننىڭ ھاياتىغا ئىبرەتلىك مەزمۇن بېغىشلايدۇ. بۇ يەر-
دىكى خىزىر ئوبرازى قانداقتۇر دىنىي-مىستىك ئەدەبىياتتىكى
مەھكۇملۇقتا يېتەكلىگۈچى خۇراپاتلىقنىڭ ۋەكىلى بولماستىن،
بەلكى ھەممىنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلگۈچى ئاۋام خەلق ئىرا-
دىسىنىڭ ۋە ھەققانىيەت تەرەپدارلىرىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرا-
زىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە، شەخسىنىڭ كۈچى ۋە ئىرادىسى
ھەرقانچە قۇدرەتلىك بولغىنى بىلەن، خەلق ئاممىسىنىڭ مايىللىغى
ۋە ھىمايىسى بولمىسا، ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق بولىدۇ، ھەر-
قانداق قەھرىماننىڭ باھادىرلىغى پەقەت خەلق دانىشمەنلىگىنىڭ
يېتەكچىلىگى ئاستىدىلا نامايان بولىدۇ، خالاس. ئەنە شۇ
ئەقەللى ئۇقۇم خەلق سەنئىتىدە خىزىر، ئەۋلىيا قاتارلىق غايىۋى
ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، مۇقەررەر
ھالدا، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا قەھرىمان ئوبرازىنى گەۋدى-
لەندۇرۇشنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىغا ئايلانغان: «غېرىپ-سەنەم»
داستانىدىكى جۇنەيىدىل باغداتىنىڭ ئوبرازى، «پەرھات-
شېرىن»، «رۇستەمى داستان»، «ھورلىقا-ھەمراجان»، «قەمەرشاھ
ۋە شەمسى جانان»، «سەنۇبەر»دىن تارتىپ يېقىنقى زاماندا
يارىتىلغان «ئابدۇراخمانخان پاشا» قاتارلىق داستانلاردىكى
"يۈزىدىن نۇر تېمىپ تۇرىدىغان، ئىگىز بويلۇق، ئاپپاق ساقال-

لىق" خىزىر ياكى ئەۋلىيالار ئوبرازى ئەنە شۇنىڭ جۇملىسىدىندۇر، بۇنداق ئوبرازلار كۆپىنچە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مەيدانغا چىقىپ، ۋەقەلىكنىڭ راۋاجىغا يول ئاچىدۇ.

**تەسۋىرى ۋاستىلەر ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتە:** خەلق داستانلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى ئىستېتىك قاراشلىرىدا بارلىققا كەلگەن ماقال-تەمسىل خاراكتېرىدىكى ھېكمەتلىك ئافورىزىملىق سۆزلەردىن، ئېپىتېت خاراكتېرىدىكى ئوخشىتىش، سىمۋول، مۇبالىغە قاتارلىق خىلمۇ-خىل ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلغان.

مەلۇمكى، ھەر بىر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى ئېتىقادى ۋە ئىشەنچىسى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن گۈزەللىك تۇيغۇسىدا بەلگىلىك مىللى ئەنئەنە بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە قىزىلگۈل دائىم سۆيۈملۈك يارنىڭ، بەخت ئىستىگىنىڭ سىمۋولى، بۇلبۇل بولسا ئاشۇ سۆيۈملۈك يارنىڭ سادىق شەيداسىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ ۋە باشقىلار. بۇنداق مۇقىملاشقان سىمۋوللۇق ئىپادىلەش خەلق داستانلىرىدىن باشقا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ناھايىتى كەڭ جارى قىلىنغان. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا گۈزەللىك بېغىشلىغۇچى بۇنداق سىمۋولىستىك ۋاستىلەرنىڭ شۇ خەلقلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېتىقادى ۋە ئىستېتىك

پىكىر قىلىش ئالاھىدىلىگى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا بىر خىل ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇسلۇبى بولۇپ شەكىللەنگەنلىگى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق ۋاستىلەرنىڭ باشقا خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئوخشاش مەنادا، شۇ تەرىزدە ئىپادىلىنىشى ناتايىن.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا ئوخشىتىشمۇ سىمۋول بىلەن بىر قاتاردا كەڭ قوللىنىلغان بەدىئى ۋاستىلەرنىڭ بىرى. خەلق داستانلىرىدا ھەقىقەتەن ئوخشىتىشنىڭ ناھايىتى گۈزەل نەمۇ-نىلىرى يارىتىلغان «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئىككى گۈزەل قىزنىڭ بىرىنى "بېشىدا ئاتەشتەك نۇرلۇق مېڭى بولۇپ، خۇددى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ئوخشايتتى..." دەپ تەسۋىرلەنسە، يەنە بىرى "ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك، چېچى خۇددى دەريا سۇيىدەك، چىشلىرى ئۇنچىدەك" دەپ تەسۋىرلىنىدۇ، «غېرىپ-سەنەم» داستانىدا، غېرىپنىڭ ناخشىسى ئارقىلىق سەنەم:

بويلىرىڭ مىسلى لالىدۇر،
قارىشىڭ جاننى ئالادۇر،
ئاغزىڭ ئالتۇن پىيالىدۇر،
قۇيۇپ ئىچسەم چايلارىڭنى.

دىگەن گۈزەل ئوخشىتىشلارنىڭ ياردىمى بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدىمۇ مەختۇمسۇلا مۇنداق سۈرەتلىنىدۇ:

كۆزلىرى چەشمە بۇلاقتەك،
قاشلىرى زىرۇ-زەۋەر.

قامىتى شەمشات دەرەختەك،
سۆزلىرى شىرىن-شېكەر.
چاچلىرى مەجنۇن گويا،
يۈزلىرى شەمسى قەمەر.
لەۋلىرى مىسلى ياقۇت،
قوللىرى ئىشقا چىۋەر.
چىشلىرى دۇررى-سەدەپتەك،
پىكرى كەڭ، ئالەم كېزەر.
كىمكى كۆرسە ئاھ ئۇرۇپ،
ئىشقى ئوتىدا جان بېرەر.

بۇنداق ئوخشىتىشلارنى ھەممە داستانلاردا كۆپلەپ ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مۇبالىغە ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا ناھايىتى كۆپ قوللىنىلغان بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ بىرى، بۇ نۇقتىدا داستانلارنى مۇبالىغىلاشتۇرۇش سەنئىتى دەپ ئاتاشمۇ مۇمكىن. ئومۇملۇقتىن قارىغاندا، قەھرىمانلارنىڭ پائالىيىتى مۇبالىغە ئارقىلىق تېخىمۇ رومانتىك تۈس ئالغان، داستانلاردىكى مۇبالىغە ناھايىتى تەبىئىي ھالدا قەھرىمان ئوبرازلارنىڭ خاراكتېر تەسۋىرىگە سىڭىپ كەتكەن. مەسىلەن: «ئالپامىش» داستانىدا ئالپامىشنىڭ تىلىدىن شۇنداق بىر چىرايلىق مۇبالىغە بېرىلىدۇ:

تىكلىسەم قۇرۇيدۇ دەريانىڭ سۇيى،
نەرە تارتسام غۇلار قۇرغاننىڭ تىمى.

«هۆرلىقا ـ هەمراجان» داستانىدا، جەڭ تەسۋىرىنى"... ئۇلارنىڭ بىشى ئاسمانغا مىخلىنىپ، تىنى يەرگە پاتتى"، "كويەقاپتەك كۆلپەت چۈشتى بىشىمغا "دىگەنگە ئوخشاش مۇبالىغىلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

خەلق داستانلىرىنىڭ پوئىتىك شەكلىدە يەنە خاراكتىرلىق مۇنداق بىر ئالاهىدىلىك مەۋجۇتكى، ئۇنىڭدا ماقال ـ تەمسىل تۈسىنى ئالغان هىكمەتلىك نەزىملەر ئارقىلىق چوڭقۇر ئىجتىمائى پەلسەپۋى ئىدىيىلەر ئالغا سۈرۈلگەن. بەزى داستانلاردا ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان خەلق ئارىسىدا قىلىپلاشقان ماقال ـ تەمسىللەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، قەهرىمانلىنىڭ خاراكتىرىنى تىخىمۇ جانلاندۇرۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇلغان بولسا، يەنە بەزى داستانلاردا، خۇددى خەلقنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرى ۋە هىكمەتلىك سۆزلىرىگە ئوخشاش ئىبرەتلىك مەزمۇنلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خەلق سەنئىتىدە نامايان بولغان بۇنداق تەپەككۇر دۇردانىلىرى ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى بىيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا زور ئەهمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە خەلق داستانلىرىنىڭ پوئىتىك شەكلىنى تىخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ، تىڭشىغۇچىلاردا روشەن ئىستىتىك زوق هاسىل قىلغان. داستانلاردىكى مۇنداق شىئىرىي پارچىلار بەدىئى جەهەتتىن شۇ دەرىجىدە مۇكەممەل ئىشلەنگەنكى، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى ئەسىرلەر مابەي-

ندىكى هايات تەجرىبىلىرىنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەملەشتۇر-
گەن ئافورىزىملار دەرىجىسىگە كۆتىرىلگەن. مەسىلەن:

(1) دۆلەت قونسا بىر چىۋىننىڭ باشىغا،
جىمى قۇشلار سالام بېرەر قاشىغا.

(2) ئات چاپسا گۇمبۇرلەر تاغنىڭ داراسى،
ئۇرۇشتا بىلىنەر مەرتنىڭ ساراسى.

(3) سازەندىلەر سازىن چالار قول بىلەن،
يامان ئادەم كۆيدۈرىدۇ تىل بىلەن.

(4) سەبرى — گۆهەر، سىر — ئالتۇن.
سىرى ئەھيان كۆزگىدۇر.
سىرى ئايان ئەھلىگە،
ئۆمرى گەريان كۆزگىدۇر.

(5) ئامانەتكە خىيانەت
نامەرت ئىشىدۇر.
پالاكەتنىڭ ئامرىغى
قورققان كىشىدۇر.

(6) خەتنى بىلمىگەن ئادەم،
بېشىدا كېزەر ماتەم.
خەت بىلمەس نادانلارغا،
قاراڭغۇ ئىكەن ئالەم.

(7) ئەر سۆزىدىن قايتمايدۇ،
يولۋاس ئىزىدىن.

(8) ئادىمىزاتنىڭ كۆلىمگى باردۇر،
ھامانە بىر كۈن ئۆلىمگى باردۇر.
(9) ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر،
يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر.
(10) يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس
ئۆزگە يۇرتقا كەتمىگۈنچە.
ياخشى يارنىڭ قەدرىن بىلمەس،
بىر يامانغا چۈشمىگۈنچە.
(11) ئاقىل بولساڭ مەزۇر بولما پارىغا،
پارا بىلەن يۈزۈڭ بويىما قارىغا.

. . . . . . . . . .

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىچىدىن مۇنداق ئۈلگىلەرنى كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىگىگە كەلسەك، ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇندارلىغى، مۇزىكىدارلىغى، ئاددى - ساددىلىغى، دەلمۇ - دەللىگى، ئىخچام ۋە ئاممىباپلىغى، كونكرېت ۋە ھېسسىلىغى بىلەن خەلق تىلىنىڭ باي ۋە گۈزەللىگىنى نامايەن قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ لېكسىكىلىق ۋە سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن، بۇ جەھەتتە تەپسىلى مىسال كەلتۈرمىسەكمۇ، داستان كىتاپچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئايان.

دىمەك، يۇقۇرقى مۇلاھىزىلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇي-

غۇر خەلق داستانلىرى بىر خىل ئەنئەنىۋى بايان قىلىش ئۇس-لۇبىغا ۋە مىللى پوئېتىك شەكىلگە ئىگە بولۇپ، ئۇ خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئى تارىخىدۇر. خەلق داستانلىرى ئەنە شۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن مىللى ئىپتىخارلىق، ئۆز ئۆزىگە ئىشىنىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزىم تۇيغۇلىرىنى تەربىيەلەشتە مۇھىم غايىۋى ئىستېتىك ۋەزىپە ئۆتەيدۇ، جۈملىدىن پۈتكۈل سەنئەت تەرەققىياتىدا چوڭ رول ئوينايدۇ.

1982 ـ يىل 11 ـ ئاي.

ئابدۇكېرىم راخمان

ئەدەبىياتقا دائىر مۇلاھىزىلەر

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇللا ئابلىز

مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1984-يىل 11-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى

1984-يىل 11-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.41 يۈەن

# 文 艺 评 论

（维吾尔文）

阿不都克力木·热合满著

责任编辑：阿布都拉

责任校对：胡达拜地

民族出版社出版 新华书店发行

民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：7 3/8

1984年11月第1版

1984年11月北京第1次印刷

印数：0001—6,000册 定价：0.41元

书号：M10049(4)172

号 M10049 (4) 172
价 0.41元